2021 ئۆكتەبىر

ئومۇمىي 26-سان



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

**1**



تورغا خۇمار بولۇش

**98**



ئابدۇرازاق گۇرناھ

**78**

ئۆكتەبىر 2021

ئومۇمىي 26-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئىنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ۋاقت باشقۇرۇش ۋە كشلك مۇۋەپپەقيەت 40

تورغا خۇرمار بولۇش ۋە ئۇنى داۋالاش

«شنجاڭنىڭ ئەللك يىلى»غا رەددىيە 58

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## تارىخ ۋە بىز

ختاينىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسى ھېكايىسى 103

## ھېكمەتلەر

ئۆزلكدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا 25 ھېكمەت 109

## گۈلىستان

ئابدۇرازاق گۇرناھ

باللىقتىكى سەرگۈزەشتىلەر خاراكتېرىمىزغا قانداق تەسىر كۆرستىدۇ؟ 52

## خەلقئارا ۋەزىيەت

بايدىننىڭ كىشىلىك ھوقۇق نۇتقى ۋە ختاينىڭ بۇنىڭغا ئېتىرازى 45

ئەلقائىدە ختاينىڭ ئافغانىستاندىكى پلانلىرىغا كاشىلا تۇغدۇرامدۇ؟ 93

## ساغلاملىق

پسىخىكىڭىزدا مەسىلە بارمۇ، قاراپ چىقىڭ 25

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

«ئۇيغۇر قەتلئامى» ناملىق ئەسەردىن ئالغان تەسىراتلىرىم 82

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمنى يەر شارى ئىقتىسادىغا باغلىغان «تېررورلۇق كاپىتالىزمى» 31

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىسلەر ھەققىدە 70















ختاي تەتقىقاتى

# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس



Internal Campaign
a Muslim Minority

# بىرىنچى باب: مۇستەملىكىچىلىك (1759 ـ 2001)

### (بېشى ئالدىنقى ساندا)

### 1990 ـ يىللار: «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى» بىلەن «قوشۇۋېلىش» ئارىسىدا

ئەگەر 1980 ـ يىللاردا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر رايونى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ماداراچىلىق ئارقىلىق قوشۇۋالماقچى بولغان بولسا، 1990 ـ يىللاردا بۇ بىرلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشى ئاساسەن ئىقتىسادىي پۇرسەتلەرگە تايانغان. دەرۋەقە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسلاھاتى نەتىجىسىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئۇيغۇرلارغا يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئىگىلىك تىكلەش، ھەتتا چەتئەلگە چىقىپ سودا قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلانغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ۋە مۇزىكا ساھەسى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ بارغانسېرى قاتتىق تەكشۈرۈشىگە ئۇچراپ، دىنىي ئەركىنلىككە قاتتىق چەكلىمە قويۇلغانلىقتىن، سىياسىي بوشلۇق تارايغان. كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ قايتىدىن بوغۇلۇشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل (تۈركىي) دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئۈمىد قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 1990 ـ يىللاردىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەلىپىنى كۈچەيتىۋەتكەن، بۇ تەلەپلەر بەزىدە زوراۋانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نەتىجىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇ تەدبىرلەر نۇرغۇن جەھەتلەردە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى يېڭى خىتايغا ئېلىپ كىرىش ئۇرۇنۇشلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن خىتاينىڭ بۇ قارشىلىقلارنى باستۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئۆزئارا تەسىرلىشىش 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا باشلانغان.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بارىن بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان يېزا رايوندا زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. گەرچە «بارىن ۋەقەسى» نىڭ تەپسىلاتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە يەرلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئۈچ كۈن ئىشغال قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئاخىرىدا خىتاي ھەربىيلىرى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرى بىنالارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئىشغال قىلىۋالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، بەزىلىرىنى قولغا ئالغان. بەزى خەۋەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بارىندا يۈز بەرگەن ۋەقە

ئىستىخىيەلىك بولۇپ، ختاي ئارمىيىسى شۇ يېقىندا ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش سانىغا قويۇلغان چەكلىمىگە قارشى نامايىش قىلغان 200 گە يېقىن ئۇيغۇر بىلەن توقۇنۇشقاندىن كېيىن، بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن (101). ختاينىڭ رەسمىي مەنبەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا خەۋەرلەردە بولسا، بۇ ۋەقە «ئۆزىنى <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى> (ETIP) دەپ ئاتايدىغان، دىنىنى ئاساس قىلغان، مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ بۇ كىچىك يېزا رايونىدىكى دۆلەت كونتروللۇقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى ئالدىن پىلانلانغان ئۇرۇنۇشىدۇر» دېيىلگەن (102).

ئەمەلىي ئەھۋال بەلكىم مۇشۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشى مۇمكىن. ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا كۆرە، بۇ قالايمىقانچىلىق بىر تۈركۈم دىندار ئۇيغۇر ياشلارنىڭ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى نىشان قىلغان ھەر خىل (رەزىل) سىياسەتلىرىگە قارشى نامايىش قىلىشى بىلەن باشلانغان. ھالبۇكى، بۇ نامايىشنىڭ رەھبىرى زەيدىن يۈسۈپنىڭ ھەققەتەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» نامىدا ئۇيغۇرلارنى ختاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تەشكىلات قۇرغانلىقى ۋە شۇ مەقسەتتە ئوغرىلانغان قوراللارنى ساقلاۋاتقانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك پاكىتلارمۇ بار. نامايىش ختاي بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇنى تەشكىللىگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرغانىدى.

بارىن ۋەقەسىدە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ئىسلامىي ئېتىقادنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ختاي ھۆكۈمىتىدە «ئۇيغۇرلار ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى، دىنىدىن ئىلھاملانغان زوراۋان قارشىلىق ھەرىكىتى تەشكىللەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىنى پەيدا قىلغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىككى ئاپتوبۇس پارتلىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئەندىشىلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن (103). گەرچە بۇ پارتلاشلار توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بارىن ۋەقەسىگە قاتناشقانلار بىلەن ئوخشاش بىر غەيرىي رەسمىي مۇدەررىسنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەنلىكىگە ئائىت پاكىتلار بار.

1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشىغا بولغان ئەندىشە تېخىمۇ كۈچەيگەن. (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن ئىبارەت) بۇ ۋەقە پۈتۈن ختاي كومپارتىيىسىدە «ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخ سەھنىسىدىن غۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىنى پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ، بۇ ۋەقە ختاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە قورقۇنچ پەيدا قىلغان. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ختاي ـ سوۋېت چېگراسىنىڭ ئېچىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ 1950 ـ يىللاردا ۋە 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرى بىلەن جەم بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. ختايدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شۇ رەۋىشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زاۋال تېپىشىغا، كوممۇنىزمنىڭ يىمىرىلىشىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شاھىت بولغانىدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 1940

ـ يىللاردا ئۆز ۋەتىنىدە (شەرقىي تۈركىستاندا) شۇنىڭغا ئوخشاش نىشانىنى (يەنى مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇشنى) ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ختاي ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ۋەقەلەر نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈمىدىنى قايتىدىن يېلىنجاتقانىدى. مەن 1994 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا كۆرۈشكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتقىنىدەك: «هازىر قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان بار بولدى، ئۇيغۇرىستان قېيەردە؟». گەرچە بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيەتلىك تەشكىللىي قارشىلىقىغا سەۋەب بولغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت بولمىسىمۇ، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنىلا شۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن تەشۋىشلەنگەن.

نەتىجىدە، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان بىخەتەرلىك مۇجادىلىسى 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى ئېپادىلىشىگە، شۇنداقلا «بۆلگۈنچىلىك»كە ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»گە قارشى تۇرۇش باھانىسىدە، ئۇيغۇرلاردىكى دىنىي ئويغىنىشقا قارشى مۇجادىلە ئىدى. ختاي بىخەتەرلىك كۈچلىرى 1990 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە بۇ مۇجادىلە ئارقىلىق «مىللەتچى»لىك ۋە «دىندار»لىق گۇماندارى سۈپىتىدە تەخمىنەن 1831 ئۇيغۇرنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ «بۆلگۈنچى، ئەكسىئىنقىلابىي ۋە قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى» ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان (104). بۇنىڭدىن سىرت، ختاي يەنە مۇسۇلمان دىنىي زاتلارنىڭ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بولغان ساداقىتىنى ئۆلچەيدىغان قاتتىق تەكشۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلغان، شۇنداقلا 1980 ـ يىللاردا سېلىنغان نىسبەتەن كىچىك مەھەللە مەسچىتلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى تاقىۋەتكەن (105).

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆكتىچىلەرگە ۋە دىنغا قارىتىلغان بۇ باستۇرۇش بارىن ۋەقەسىگە، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستەك قىلسىمۇ، ئەمما تاكى 1996 ـ يىلىغا ۋە «7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت» ئاشكارىلانغانغا قەدەر، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دەۋاسىنى باستۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ سىستېمىلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىغانىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە يىغىنىنىڭ قارارى دېيىلگەن بۇ ھۆججەتتە، دۆلەتنىڭ نەزىرىدىكى «بۆلگۈنچىلىك» ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»نى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تېخىمۇ پۇختا قوشۇۋېلىش ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر ھۆججەت بىر تەرەپتىن ئەمەلدارلارغا «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ختاينىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى» «شىنجاڭدىكى مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسىتىلگەن (106). يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھۆججەتتە ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرىگە قارشى ئىغۋاگەر بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بېكىتىلىپ، ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرىنى «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى باشچىلىقىدىكى خەلقئارالىق ئەكسىئىنقىلابىي كۈچلەر قوللىغان» دېيىلگەن (107).

بۇ ھۆججەت ئۇيغۇر رايونىدا ھەربىي ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتىن سىرت، يەنە «بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى»نىڭ تارقىلىشىنى چەكلەشنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى»نى ھېچبولمىغاندا مۇستەقىل دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن قىسمەن دەرىجىدە باغلىنىشلىق دەپ قارىغان. شۇ ۋەجىدىن، ھۆججەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى قاتتىق باشقۇرۇش، جۇملىدىن رايوندا يېڭى مەسچىت سېلىشنى چەكلەش، بىرەسمىي دىنىي مەكتەپلەرنى ۋە «قۇرئان ئۆگىنىش مەجلىسلىرى»نى تاقاش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغان (108). ھۆججەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلار قوللىنىدىغان تاراتقۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىش، بولۇپمۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» قىلغان ياكى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش خاھىشى» بار دەپ گۇمان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا «ئايرىم ھۆججەت تۇرغۇزۇش» كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (109).

«7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت»تە تەلەپ قىلىنغان كەڭ كۆلەملىك كونترول قىلىش تەدبىرلىرىگە قارىماستىن ــــ ياكى قىسمەن دەرىجىدە شۇ تەدبىرلەر تۈپەيلى ــــ 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى، قازاقىستان چېگراسىغا يېقىن غۇلجا شەھرىدە يەنە بىر چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. گەرچە بۇ ۋەقە تۇغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر بىر ـ بىرىگە زىت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە قويۇلغان چەكلىمىلەرگە قارشى نامايىش بىلەن باشلانغانىدەك قىلىدۇ. بىخەتەرلىك قىسىملىرى نامايىشچىلار بىلەن توقۇنۇشقاندىن كېيىن، ۋەقە تېزگىنىدىن چىقىپ، نۇرغۇن ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلگەن (110). خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنە بىر قېتىم ئىنتايىن ۋەھشىي ئىنكاس قايتۇرغان. غۇلجا شەھرىدە كوچىغا چىقىش چەكلىمىسى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى ئىككى ھەپتە توختىتىۋېتىلگەن (111).

«غۇلجا ۋەقەسى» يۈز بېرىپ ئۈچ ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا ئۈچ بومبا پارتلاپ، توققۇز ئادەم ئۆلۈپ، يىگىرمە سەككىز ئادەم ئېغىر يارىلانغان (112). گەرچە ھېچبىر مۇئەييەن تەشكىلات مەزكۇر بومبا پارتلىتىش ۋەقەسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان، شۇنداقلا ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە شۇ يېقىندا ئۆلگەن دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنىدە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سىياسىي غەرەزدىن شەپە بەرگەن. غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرى رايون مىقياسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن باشقا ۋەقەلەردىكىگە قارىغاندا بەكلا ئېغىر باستۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان (113). بۇ باستۇرۇشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، سانسىزلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇلۇپ، پەقەت 18 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭلا دۆلەت ئىجازەت بەرگەن مەسچىتلەردە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرا ھالقىغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە باشلىغان ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»دىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىخەتەرلىك

ئورگانلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى جىمىقتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان (114).

ئۆكتىچىلەرنى ئاشقۇنلۇق بىلەن باستۇرۇش ۋە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزمەسلىك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ياشلارنىڭ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ختايلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۇلتۇرىگە سىڭىپ كىرىش يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان (115). ئاساسەن باشقا تاللىشى بولمىغان بۇ ياشلارنىڭ نۇرغۇنى ختايچە مەكتەپلەردە ئوقۇشنى، شۇنداقلا ختايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مىللىي ھاڭنى يوقىتىشى مۇمكىن بولغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغان، يەنە بەزىلىرى ختاي كۇلتۇرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتمەسلىكنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا بېرىلىپ كەتكەن (116). لېكىن، يېزىلاردا، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ (ختايلارغا) «قوشۇلۇپ كېتىش» پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە ئاز بولغان ۋە بۇلار دائىملا يەرلىك بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرغان.

غۇلجا ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى بومبا پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىنكى باستۇرۇش سالمىقىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا داۋاملىق ئېغىرلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، رايوندىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىمۇ كۆپەيگەن. گاردنېر بوۋىڭدون (Gardner Bovingdon) 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئۇيغۇر رايونىدا تەخمىنەن 38 قېتىملىق زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى رايوندىكى «بۆلگۈنچىلەر»نى باستۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئەسەبىيلەرچە ئىز قوغلاپ تاپىدىغان «ئاۋانگارت»لار بولمىش ساقچى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا قىلىنغان ھۇجۇم دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ (117). ساقچىلارنى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىن باشقا ئاز ساندىكى بىر قانچە ۋەقەنىڭ كۆپىنچىسىدە رايوندىكى (سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان، ت) دىنىي نىزاملارنىڭ نامايەندىسىگە ئايلانغان (ۋەتەنپەرۋەر) «دىنىي زاتلار» قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە بىر قانچە ۋەقەدە ئۆيدە ياسالغان پارتلاتقۇچ دورا ئىشلىتىلگەن بومبىلار پارتلىتىلغان بولۇپ، بۇ توغرىلىق ھېچقانداق تەپسىلات يوق. تېخىمۇ دىققەتنى تارتىدىغىنى، رايوندىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر 2000 ـ ۋە 2001 ـ يىللىرى ئاساسەن يوقالغان.

ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، 1990 ـ يىللارنى «ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى ختايغا تېخىمۇ مۇستەھكەم قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان، ئەمما يەرلىكتىكى ئاھالىلەر بىلەن بۇ خىل قوشۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زۆرۈر بولغان دەرىجىدە مادارا قىلىنمىغان» مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. ختاي ھۆكۈمىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ كۈچىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئىقتىساد ئەركىنلەشتۈرۈلسە، ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك تارىختا ئىگە ۋە رايوندىكى جىددىيلىكنى كۈچەيتىۋەتكەن مۇستەملىكە مۇناسىۋەتنى يوقىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان. ختاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ «باي بولۇش شەرەپتۇر» دەپ قارىلىدىغان يېڭى ختايغا سىڭىپ كىرىشكە رازى بولۇشىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە كۇلتۇرەل يىلتىزى بىلەن بولغان ئۆزگىچە مۇناسىۋەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ختايلارنىڭ

يېتەكچىلىكىدىكى كۆلتۈرگە سىڭىپ كىرىشنى ئۈمىد قىلغاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇ مەزگىلدە شىمالدىكى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بېيىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، بولۇپمۇ ئۇرۇمچىدىكىلەر، خىتايلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كۆلتۈرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلماقچى بولغان. هالبۇكى، باشقىلار، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى ئىقتىسادىي پۇرسەت ئەڭ ئاز بولغان جايلاردىكىلەر، ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىشقا قولايلىق يارىتىشنىڭ يېڭى ۋاستىسى ۋە خىتاي كۆچمەن مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تېخىمۇ روشەن ئىپادىسى، دەپ قارىغان.

ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ سىياسىتىنى بۇنداق چۈشىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەبلەر بار ئىدى. 2000 ـ يىلغا كەلگەندە، يېڭى بىر ئەۋلاد كەلگۈندى خىتايلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىن كەتكەن خىتايلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىدا خىتايلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 40.6 پىرسەنت، ئۇيغۇرلارنىڭكى 45.2 پىرسەنت بولۇپ، ئىككىسى ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغان (118). «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ رايونغا ئەۋەتىلگەن خىتايلارغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ يېڭى كەلگۈندىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى تەرەققىيات، بايلىقنىڭ بارغانسېرى كۆپلەپ قېزىلىشى ۋە قوشنا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردىن ۋۇجۇدقا چىققان ئىقتىسادىي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغانلىقىدىن، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ كەلگۈندىلەرنىڭ بۇلارغا سوڭدىشىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ يېڭى كۆچمەنلەر كۆپىنچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، خىتاي ئۆز سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ 1999 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە تۇتىشىدىغان تۆمۈر يول لىنىيەسىنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار ھېلىھەم كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبتىكى بوستانلىقلارغا تېخىمۇ كۆپ خىتاي كەلگۈندىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئۇرۇنغان.

ئەگەر بۇ رايون ئۆزىنىڭ بۇيان قارىماققا يېقىنقى زامان خىتاي دۆلىتىنىڭ چېگرا مۇستەملىكىسىدەك كۆرۈنگەن بولسا، بۇ يېڭى تەرەققىياتلار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىشى مۇمكىن بولغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن دېرەك بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىملىكى ۋە كۆلتۈرىنىڭ بىر قىسمىنى مەجبۇرىي يوق قىلىۋەتكەن (119). ئەڭ ئاخىرىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1980 ـ يىللاردىكى «ئۇيغۇرلارغا ئۆز ۋەتىنىنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىش» ۋەدىسىدىن پۇتۇنلەي يېنىۋالغانلىقى، شۇنداقلا خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىگە بىلدۈرۈلگەن ھەرقانداق ئېتىراز «بۆلگۈنچىلىك» قالپىقى كىيگۈزۈلۈشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئاساسەن تارتىۋېلىنغانلىقى ئايدىڭلاشقان. 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ «غەربنى ئېچىۋېتىش»تىن ئىبارەت زور كۆلەملىك دۆلەت تەرەققىيات پىلانىنى ئېلان قىلىشى بىلەن، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. شۇنداقلا، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

# «چېگرا مۇستەملىكىسى»دىن «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى»گە ئۆزگەردىمۇ؟

ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بۇيان يېقىنقى زامان ختاي دۆلەتلىرى بىلەن، بويسۇندۇرۇش ۋە مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىن مەنبەلەنگەن تالاش ـ تارتىشلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، ئەسلىدە باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان، مۇستەملىكىدىن كېيىنكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە بۇ خىل مۇستەملىكە كېلىپ چىقىشى مەزكۇر مۇناسىۋەتنى كۆپ سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ قارىمايدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان ختاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگىچىلەشتۈرگەن نۇقتا شۇكى، ختاي باشقا نۇرغۇن مۇستەملىكىچىلەردىن پەرقلىق ھالدا، مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ياكى مۇستەملىكىدىن كېيىنكى جەريانىنى باشلاشنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە، ئەزەلدىن بۇ خىل مۇستەملىكە كېلىپ چىقىشىنى ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان. نەتىجىدە، بۇ رايون نۇرغۇن جەھەتتە يەنىلا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ (بىر پارچىسى ئەمەس، بەلكى) مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرماقتا، مەزكۇر كۆز قاراش بۇ كىتابنى ئوقۇغان كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئۇشبۇ مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتى ئۆزىنىڭ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك تارىخى مابەينىدە، ختاينىڭ رايون ۋە خەلقنى كونترول قىلىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا باغلىق بولۇپ كەلدى، ئەمما بۇ سىياسەتلەر شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى يېقىنقى زامان ختاي دۆلىتىگە ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ باقمىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېقىنقى زامان ختاي دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ رايوننى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ختاينىڭ سىياسىي گەۋدىسىگە قوشۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى دۆلەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە بولغان، مۇستەملىكىچىلىك پەرقىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان «ئاتا ـ ئانىلارچە» (ھەممىنى باشقۇرىمەن، ئىگە بولىمەن دەيدىغان، كۆرەڭ) پوزىتسىيەسى ئىزچىل تۈردە بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان، بولۇپ ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل قىلغان رايوننىڭ جەنۇبى تاكى 1990 ـ يىللارغىچە چېگرا مۇستەملىكىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھالەتتە، ختاي جەمئىيىتىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ كەلدى.

بۇ رايوننىڭ ھازىرقى ختايدىكى ئېنىقسىز ئورنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرەل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشىغا ۋە ئاسسىمىلياتسىيەدىن ساقلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. شۇ ۋەجىدىن، 1990 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلى يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئۇسۇلى سۈپىتىدە ختايچىغا قارىغاندا خېلىلا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇيغۇر

باللىرى يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان مائارىپنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۈلتۈرەل قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەتتا ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش جەھەتتىمۇ ئاساسەن ئەركىن بولغان. بۇ خىل نىسپىي كۈلتۈرەل ئەركىنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكە قىلىنىشىغا بولغان قارشىلىقىنى پەسەيتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ۋەقەلەر بۇ خىل نىسپىي تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇيۇقسىزلا بۇ رايوننىڭ ئىشلىرىغا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاسىتە قول تىقتى، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى تەرەققىيات ئۇرۇنۇشلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شىمالىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي يەنە «بۆلگۈنچىلىك» كە قارشى تۇرۇش نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، كۈلتۈرەل ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنى بوغدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە، ئۇيغۇر ۋەتىنى بۇ بابتا قەيت قىلىنغان 250 يىلدا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا خىتايغا تېخىمۇ سىڭىپ كىردى. ئەمما، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىنى يېڭى باسقۇچتىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك، شۇنداقلا بۇ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ئۆزلىرىنى تامامەن يوق قىلىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، چەتلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغاندەك ھېس قىلدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنىلا ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ خىتايغا تىنچ قوشۇلۇپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان سىياسىي تاللاشقا ئىگە ئىدى. لېكىن، بۇ خىل تاللاش خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بەزى مىسلىسىز ئىشلارنى قىلىشنى، يەنى بۇ رايوننىڭ ئىلگىرى مۇستەملىكە قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك خەلقلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى رايوننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا باشلامچىلىق رولغا ئىگە قىلىدىغان ماداراچىلىق سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشنى تەقەززا قىلاتتى. بۇ باپتا يېقىنقى زامان خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىدىكى مۇشۇنداق جەريانلار باشلانغاندەك كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن پەيتلەر تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن ياكى توختىتىۋېتىلگەن.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە قارىتا ئاشۇ خىل مادارachىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇيغۇر خەلقىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقىدىغان ۋە ئىنسانىيسىزلاشتۇرىدىغان ئىستراتېگىيەنى قوللاندى. مەزكۇر ئىستراتېگىيەگە كۆرە، رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، بازا تەشكىلاتىغا باغلانغان «تېرورلۇق تەھدىتى» نىڭ مەھسۇلى دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ قارار شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىلدا رايوندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ كەلگەنلەرنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل «تېرورلۇق تەھدىتى» نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. 1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زور ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زوراۋانلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قارشىلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ــ ھېلىقى بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىكەن ــ مەلۇم بىر تەشكىلات تەرىپىدىن تەشكىللەنگەنلىكى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق پاكىت يوق. بۇنىڭدىن باشقا، 1992 ـ ۋە

1997 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن، ھېلھەم سىرى يېشىلمىگەن ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن، مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنغان جانلىق ئېنىقلىمىغا ئاساسەن «تېرورلۇق» دېيىشكە بولىدىغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى سادىر قىلىنمىغان.

ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2001 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، يەنى ئامېرىكا 11 ـ سېنتەبىر ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرىنى يەر شارىدىكى «تېرورلۇق تەھدىتى» بىلەن باغلاشنى قارار قىلدى. ھالبۇكى، بۇ (ئاتالمىش) «تېرورلۇق تەھدىتى» يېڭىدىن ئەۋج ئېلىۋاتقان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئىدى. خىتاينىڭ بۇ تاكتىكىسى ھېچبولمىغاندا (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش) تەھدىتنى خەلقئارادا قىسمەن بولسىمۇ ئېتىراپقا ئېرىشتۈردى. بۇ ھادىسىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرنى چەتكە قېقىشى ۋە باستۇرۇشىنى «ئۇلار خىتاي دۆلىتى ۋە جەمئىيىتى ئۈچۈن مەۋجۇتلۇق تەھدىتىدۇر» دېگەن گەپ بىلەن يوللۇقلاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، نەتىجىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى. شۇ ۋەجىدىن، بۇلار (خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى) ئۇزۇن مۇددەتلىك تالاش ـ تارتىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىدە يەنە بىر باسقۇچنى باشلاپلا قالماي، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئۇنى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان (يېقىن) كەلگۈسىدە تىنچ ھالدا مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويىدى.

# ئىككىنچى باب: ئۇيغۇرلار قانداقسىگە
# «تېررورلۇق تەھدىتى» بولۇپ قالدى؟

ئۇيغۇرلار 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تېررورلۇق تەھدىتى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئەمما ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا سەۋەب بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلمىغانىدى. بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى باشلىغان ۋە توختاۋسىز لوبىچىلىقتىن كېيىن، ئامېرىكا تەرىپىدىن كونكرېتلاشتۇرۇلغان سىياسىي غەرەزلىك جەرياننىڭ مەھسۇلى ئىدى. گەرچە بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، پەقەت ئافغانىستاندىكى ئاز ساندىكى، ئانچە تونۇلمىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتى «تېررورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كېيىن ھەممە يەردىكى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا زور تەسىر كۆرسەتتى. گەرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تېررورلۇق قالپىقى كىيگۈزۈشتە (شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە قارىتا) پۇرسەتپەرەسلىك قىلغانلىقى شەكسىز بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا باشلامچىلىقىدىكى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ مۇجمەل بولۇشىمۇ بۇنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان ئامىللاردىن بىرىدۇر.

## «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئۆز دۈشمەنلىرىنى قانداق بېكىتىدۇ؟

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ «تېررورچى» دۈشمەنلىرى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپلا مۇجمەل بولۇپ كەلدى، بەلكىم (ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى) مەزكۇر جەڭنى قوزغىغۇچىلار قەستەن شۇنداق قىلىشنى قارار قىلغان بولۇشى مۇمكىن. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پرېزىدېنت جورج W بۇش پارلامېنت ۋە ئامېرىكا خەلقىگە خىتاب قىلىپ، ئۆزىنىڭ توققۇز كۈن ئىلگىرى ئامېرىكىغا قىلىنغان ھۇجۇم (11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى)غا قانداق ئىنكاس قايتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تېررورلۇق»قا

قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇش «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ جاۋابكارى دەپ قارالغان «ئەلقائىدە» تەشكىلاتىدىن باشلىناتتى ـ يۇ، ئەمما «يەرشارى مىقياسىدىكى ھەر بىر تېرورلۇق تەشكىلاتى تېپىلمىغۇچە، توختىتىلمىغۇچە ۋە مەغلۇپ قىلىنمىغۇچە ئاياغلاشمايتتى» (1). بۇش بۇ مۇجمەل دۈشمەننى سۈپەتلىگەندە، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېگەنىدى: «تېرورچىلار مۇسۇلمان ئۆلىمالار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغان ئىسلامىي ئاشقۇنلۇق بويىچە ئىش قىلىدۇ؛ ... ئۇلارنىڭ (يەنى مەزكۇر ئىسلامىي ئاشقۇنلۇقنىڭ) كۆرسەتمىلىرى ئۇلارنى. خرىستىيان ۋە يەھۇدىيلارنى.، جۈملىدىن بارلىق ئامېرىكالىقلارنى. ئۆلتۈرۈشكە، شۇنداقلا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالار بىلەن ھەربىيلەرنى ئايرىپ ئولتۇرماسلىقا بۇيرۇيدۇ» (2). بۇش قورقۇنچلۇق ۋە رەزىل «تېرورچى» دۈشمەنلەرنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر «تېرورچىلار»نىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ئاساسەن ئېنىقسىز ۋە ئايىغى چىقماس ھالەتتە قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنغانغا قەدەر، بۇ ئۇرۇش يەنىلا بىزگە «ھەمراھ» بولۇپ كەلدى ھەمدە ئۇنىڭ دۈشمىنى بۇرۇنقىدەكلا مۇجمەل ۋە ئالۋاستىلاشتۇرۇلغان ھالەتتە تۇرۇۋەردى. «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دۈشمىنىنىڭ ئېنىقلىمىسىدىكى بۇ خىل مۇجمەللىك مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئىشتىراكچىلار ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلسا بولىدىغان توختاۋسىز، چەكلىمىسىز ئۇرۇش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇرۇش بولماستىن، بەلكى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان «ھېكايە»دۇر.

دەرۋەقە، ئامېرىكا «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ ئۆزىگە خاس نۇسخىسى ئارقىلىق بۇش تەسۋىرلىگەن مۇجمەل «تېرورچى»لەرگە قارشى تۇرۇشتىن بەكرەك، خەلقئارا سىستېمىدىكى «لۈكچەك دۆلەتلەر» بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشنى سىياسىي قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. ئامېرىكانىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ـــ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر ـــ ھېچ بولمىغاندا «ئەلقائىدە»گە قارشى مۇجادىلىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئىدى. ھالبۇكى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، جورج W بۇش ئۆزىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «رەزىللىكنىڭ ئوقى» نۇتقىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستانغا ئوخشاش «<تېرورچىلار>نى قوللىدى ۋە ئۇلارغا پاناھلىق بەردى» دېيىلگەن دۆلەتلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى رۇخسەتسىز ھالدا «كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قورال» ئىشلەپچىقارغانلىقى ئۈچۈن كەلگۈسىدە شۇنداق قىلىشى (يەنى ئاتالمىش «تېرورچى»لارنى قوللىشى) مۇمكىن بولغان دۆلەتلەر بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلماقچى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى. بولۇپمۇ بۇش ئىراق، ئىران ۋە چاۋشيەننىڭ بىردەك ئاشۇ خىل قوراللارنى ياساۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ قوراللارنى ئاتالمىش «تېرورچىلار»غا بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇش «مۇشۇ خىل دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تېرورچى ئىتتىپاقداشلىرى <رەزىللىك ئوقى>نى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن قوراللانماقتا» دېگەن شۇم بېشارەتنى ئوتتۇرىغا قويدى (3). شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ بۇش ھۆكۈمىتىچە نۇسخىسى ئاتالمىش «تېرورلۇق

تەشكىلاتلىرى»نى يوقىتىشتىن كۆرە، ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى (ئەمەلىيەتتە ئاغدۇرۇلۇشى، ت)گە بەكرەك مەركەزلەشتى.

بۇ كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئامېرىكانىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ دۈشمىنى»لىكتىن ئىبارەت مۇجمەل ئۇقۇمنى سىيىستېمىلىق قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتسىز دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىش قىلمىشى ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە تىكلەپ بەرگەن («تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇقۇمىنى سىيىستېمىلىق قىلىش جەھەتتىكى) ئۈلگىسى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. باشقا جايلاردا، دۈشمەنلىك ئۇقۇمىنى بۇ شەكىلدە سىيىستېمىلىق قىلىش ئادەتتە ئامېرىكانىڭ قىلغىنىدەك خەلقئارالىق دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى يوللۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى رەقىبلىرىگە — بولۇپمۇ ئۇلار مۇسۇلمان بولسا — ھۇجۇم قىلىشنى يوللۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلدى. «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئېنىق خاراكتېرلەندۈرۈلمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ئاشۇ خىل ئىنكاسنى تەقەززا قىلدى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقانداق ئۆكتىچى سادالارنى قارىلاشقا باھانە ئىزدەۋاتقان (خىتايغا ئوخشاش، ت) مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەردە بۇ خىل ئىنكاس تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئۇرۇش باشلىنىشىدىنلا «يەرشارىۋى» بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى رەقىبلىرىگە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان «تېرورچى»لىق قالپىقىنى كىيگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئۆزىگە خاس خەلقئارالىق قۇرۇلمىسى بار ئىدى.

## «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»

مەزكۇر يەرشارىۋى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قۇرۇلمىسى ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدىكى رەقىبلىرىنى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ دۈشمىنى» قىلىپ كۆرسىتىشنى ئويلايدىغان دۆلەتلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى مۇئەييەن تەشكىلات - گۇرۇھلارنى يەر شارىۋى «تېرورچى» دەپ بېكىتىدىغان خەلقئارالىق «تېرورلۇق تىزىملىكى» سىستېمىسىدۇر. ماھىيەتتە، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە بۇنداق تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈش مۇئەييەن تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ قەيەردە بولۇشىدىن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي نىشانى ۋە قىلمىشىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرگە قارىتىلغان زوراۋان ھۇجۇمنى يوللۇقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. گەرچە نۇرغۇن دۆلەتلەر شۇ خىل تىزىملىكنى تۈرغۈزغان بولسىمۇ، ئەمما كىمنىڭ «تېرورچى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى — بولۇپمۇ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە — كېرەكلىكى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئورتاق تونۇشقا ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىزىملىكتىن پەقەت بىرلا بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتالمىش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ (UNSC) «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تىزىملىك»ىدۇر (Consolidated List).

بۇ تىزىملىك ئەسلىدە 1999 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن 1267 ـ نومۇرلۇق قارارغا ئاساسەن، «ئەلقائىدە» ۋە «تالىبان»نىڭ 1988 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ تانزانىيەدىكى باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىشقا قاتناشقانلىقىغا جازا بېرىش ۋاستىسى سۈپىتىدە تۈزۈلگەنىدى (4). ھالبۇكى، «ئەلقائىدە» ۋە «تالىبان» بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنى ھۇجۇم نىشانى قىلغان «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر تىزىملىكنىڭ نوپۇزى باشقىچە كۆچىيىپ كەتتى. بۇ تىزىملىك ناھايىتى تېزلا بۇ يېڭى ئۇرۇشتا «تېرورچى» دۈشمەنلەرنى بېكىتىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشنىڭ ئۆلچىمى (تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن مۇئەييەن تەشكىلات تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان قىلمىشلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە (ئاتالمىش «جىنايەتچى»لەر بىلەن بولغان ئىرقىي، دىنىي، ئېتنىك، كۈلتۈرەل ۋەھاكازا جەھەتلەردىكى) «باغلىنىشى سەۋەبلىكلا جىنايەتچى دەپ قارىلىش» (guilt by association — كىشىلەرنى پەقەت «گۇناھكار» گۇرۇپپىغا ئوخشاش دىنىي، ئېتنىك، كۈلتۈرەل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى سەۋەبلىكلا گۇناھكار دەپ قاراش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئۆلچىمگە كۆرە بېكىتىلدى. 2001 ـ يىلدىن كېيىنكى مۇھىتتا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»نىڭ نوپۇزى ئاشتى، چۈنكى بۇ تىزىملىكلەر «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»تا ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى قورالliq كۈچلەر نىشانلىغان «تېرورچىلار»نى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

لى جارۋىس (Lee Jarvis) ۋە تىم لېگراند (Tim Legrand) ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇ تىزىملىكلەر «غەرب دۇنياسىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش رامكىسىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ ئاساسى»دۇر (5). ئەڭ دەسلەپتە، مەزكۇر تىزىملىكلەر ئاتالمىش «تېرورچىلار»غا قارىتا ھەرخىل خەلقئارالىق جازالارنى يۈرگۈزۈشنى قانۇنىي ۋاستە بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغانىدى، ئەمما «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، بۇ تىزىملىكلەر تىزىملىكتىكىلەرگە قارىتىلغان زوراۋانلىقنىمۇ يوللۇقلاشتۇردى. شۇنىڭدەك، دۆلەتلەر مۇشۇ تىزىملىكتىن پايدىلىنىپ، تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلەرگە قارىتىلغان رۇخسەتسىز قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، سوتلىماستىن تۇتۇپ تۇرۇش ۋە دۆلەت قانۇنىدا رۇخسەت قىلىنمىغان رەۋىشتە نازارەت قىلىش قاتارلىق ئىختىلاپلىق، قانۇنسىز قىلمىشلار توغرىسىدىكى سىياسىي تەنقىدلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. جارۋىس ۋە لېگراندنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مەزكۇر تىزىملىك ئارقىلىق مۇئەييەن گۇرۇپپىلارنى «تېرورچى» قىلىپ بېكىتىش «دۆلەتلەرنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە غايىسىنىڭ تايىنىش نۇقتىسى»غا ئايلاندى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئېلان قىلىنار ـ قىلىنماستىن، دەرھال ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى بۇ خەلقئارالىق تىزىملىكلەرگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىپرلاپ كېتىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. خىتاي دۆلىتى ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىنى — بولۇپمۇ ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىدىن شەپە بەرگەندە — زوراۋانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. شۇنداقلا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشى 1990 ـ يىللاردا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، خەلقئارانىڭ ئېزچىل تەنقىدىگە ئۇچرىدى. گەرچە خەلقئارا جەمئىيەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى

بەلگىلەش ھەرىكەتلىرىنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشنى تەنقىد قىلسىمۇ، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، خەلقئارا جەمئىيەت «تېرورچىلار»غا زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق نارازىلىقىنى «تېرورلۇق» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ مۇجمەل دۈشمەنلىك ئۇقۇمىغا ماسلاشتۇرۇش غەرىزى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

## ئۇيغۇرلارغا «تېرورلۇق تەھدىتى» قالپىقىنى كىيگۈزۈش

«تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنى مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ ئوبيېكتلىرى بولغان «تېرورچىلار»غا بىۋاستە باغلىمىغانىدى. ئەمما 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىگە بولغان ئەندىشىسىگە «ئەلقائىدەگە باغلانغان خەلقئارالىق تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ باشقىچە قالپاق كىيگۈزۈش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى، بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى. گەرچە خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، تۇيۇقسىزلا ئۇيغۇرلارنى خەلقئارالىق «تېرورلۇق» تورىنىڭ بىر قىسمى دەپ سۈپەتلىشى ئەينى ۋاقىتتا نامۇۋاپىقتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، خىتاينىڭ 1990 ـ يىللاردىكى، «تېرورچى» ۋە «ئاشقۇن» دېگەن قالپاقلار دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى قارىلاشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆپ قوللىنىلغان سابىق سوۋېت ياۋروئاسىياسىدىكى (Soviet Eurasia) تەجرىبىلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ تامامەن ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپتە («تېرورلۇق تەھدىتى»دىن ئىبارەت) بۇ ئىبارىدىن پايدىلىنىشى «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى» (上海五国会晤机制) ۋە بۇنىڭدىن تەرەققىي قىلغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن باشلانغان.

### «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىش مېخانىزمى» ۋە خىتاينىڭ «ئۇيغۇر تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ھېكايىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

خىتاي، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى» 1996 ـ يىلى خىتاي ۋە ئۇنىڭ بىلەن چېگرالىنىدىغان تۆت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئايرىش ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قۇرۇلغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ شاڭخەيدىكى تۇنجى يىغىنىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رۇسىيە (1997)، قازاقىستان (1998)، قىرغىزىستان (1999) ۋە تاجىكىستان (2000)دا بۇ تەشكىلاتنىڭ يىللىق يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ماقۇللانغان. بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ كۆپ تەرتىپى ناھايىتى تېزلا چېگرا ئايرىش ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ، بارغانسېرى بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن (7). «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى»نىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يىغىنلىرىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى مىللەتچىلىك خاھىشىغا بولغان ئەندىشىسى ئۆز قوشنىلىرىدىن يول قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ساھەلەرنىڭ بارغانسېرى مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ 1997 ـ يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇستا بومبا پارتلىتىش ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ خىل يۈزلىنىش تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇستەقىللىق خاھىشىنى يىلىنجىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش سالمىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، 1998 ـ يىلى ئالمۇتادىكى «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى»نىڭ مۇزاكىرىسىدە بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەينى چاغدا، مەزكۇر تەشكىلات ئۆز ھەمكارلىقىنى بىر بالداق كۈچەيتىپ، «بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئاشقۇنلۇققا ۋە خەلقئارالىق تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇننى كۈنتەرتىپكە قوشتى. شۇنداقلا، بىر گەۋدىلەشكەن بۇ ئۈچ خىل تەھدىت ئاخىرىدا (خىتاينىڭ تەبىرى بويىچە) «ئۈچ خىل كۈچ» دەپ ئاتالدى (8). 2001 ـ يىلى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ يىللىق يىغىنى يەنە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» (SCO) دەپ ئاتالغان رايونلۇق يېڭى بىخەتەرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. يېڭى قۇرۇلغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ تۇنجى كۈنتەرتىپلىرىدىن بىرى 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يەنى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بېرىشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ماقۇللانغان «تېرورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئاشقۇنلۇققا زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى» نى تۈزۈش ۋە تەستىقلاش بولدى (9).

«ئۈچ خىل كۈچ» سەپسەتىسىنىڭ كۈچى شۇكى، ئۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئۈچ خىل پەرقلىق تەھدىت ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىدىكى بىرلىككە كەلگەن تەھدىت دەپ قارىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەلەپلىرىگە زەربە بېرىشكە زېمىن ھازىرلاش ئۈچۈن «بۆلگۈنچىلىك»نىڭ ئۈچ خىل بىخەتەرلىك تەھدىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىدى. جىياڭ زېمىننىڭ ئالمۇتا يىغىنىدا (مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا) بەش ۋەكىل دۆلەت «بىر ـ بىرىنىڭ مىللىي بىرلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتا ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتىشى كېرەك» دېيىشى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەگتمە ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەلەپلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە خەلقئارانىڭ ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىدى (10). بۇنىڭغا (يەنى

ختاينىڭ ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك» تەھدىتىنى بەكرەك تەكىتلىشىگە) سىلىشتۇرغاندا، «تېرورلۇق» ۋە «ئاشقۇنلۇق»نىڭ بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى تەشەببۇس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەممىسى «تېرورلۇق» ۋە «ئاشقۇنلۇق»تىن ئىبارەت ئىبلاستىكىلىقتا ئىگە ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى خەلقئارا جەمئىيەتكە سەت كۆرسىتىش جەھەتتە تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. بۇ رايون (جىھادىي پائالىيەتلەر ئەۋج ئالغان) ئافغانىستانغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ تاكتىكىنى تېخىمۇ بىمالال ئىشلەتكەنىدى. لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى، بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن بۇ ئۈچ خىل تەھدىت «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا ئالتە دۆلەت (ئۆزبېكىستان 2001 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان)نىڭ ھەممىسىنى ئۆز دۆلىتىدىكى رەقىبلىرىنى — مەيلى ئۇلار مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى، ياكى سىياسىي رىقابەتچىلەر بولسۇن — ئاتالمىش «ئىسلامىي تېرورلۇق» جەھەتتىكى، شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىۋاتقان خەلقئارا بىخەتەرلىك ئەندىشىسىگە باغلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

گەرچە ختاينىڭ «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى» ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئارقىلىق رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ «تېرورلۇق» ۋە «ئاشقۇنلۇق» ھەققىدىكى چۈشقانلىرىغا ئاۋاز قوشۇشى دەماللىقتا ختاينىڭ ئاتالمىش ئۇيغۇر «بۆلگۈنچىلەر»نىڭ تەھدىتى توغرىسىدىكى ئىچكى مەيداندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا تاشقى دۇنياغا سۇنغان دوكلاتلىرىدا، «تېرورچى»لىق بىلەن «بۆلگۈنچى»لىكتىن ئىبارەت ئىككى قالپاق ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى، مەلۇم بىر ئاتالمىش «ئۇيغۇر مۇستەقىللىق تەشكىلاتى»نىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ كۆپ خىل «تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى»گە قاتناشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (11). يەنە شۇنىڭدەك، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارى ئابلەت ئابدۇرىشىت مۇخبىرلارغا رايوندىكى ئۇيغۇر «بۆلگۈنچىلەر»نىڭ «خەلقئارالىق تېرورچىلار»نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى پۈرتىپ ئۆتتى (12). گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر «تېرورلۇقى» ھەققىدىكى بۇ ھېكايە ختاينىڭ رەسمىي نۇتۇقلىرىدا يەنىلا كەمدىن كەم ئۇچرىسىمۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆلگۈنچىلىكى»دىن ئىبارەت تېخىمۇ كەڭ ئەيىبلەشنىڭ گىرۋىكىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرىلا بۇ نۇتۇقنىڭ نامدىكى بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، جورج W بۇش 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەلقئارالىق تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاللىقاچان ئۇيغۇرلارنى قانداق قىلىپ بۇ ئۇرۇشقا چېتىشنىڭ چوتىنى سوقۇپ بولغانىدى.

### ختاينىڭ ئۇيغۇر «تېرورلۇق تەھدىتى»نى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلغۇزۇش مۇجادىلىسى

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن بەش ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلگىرى ئۆزى «بۆلگۈنچىلىك» دەپ ئاتىغان ئىشلارغا «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈش مۇددىئاسى مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسىدىن ياۋروپادىكى ئۇيغۇر لوبىچىلىق تەشكىلاتى بولغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەجلىسى»نىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا يىغىن ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن چالۋاقىدى. ئۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى «تېرورلۇق»قا باغلايدىغان ئىلگىرىكى مېتودىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان قوراللىق كۈچلىرى خىتاينى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان تېرورچى قوشۇندۇر. ئۇ خەلقئارا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، خىتاي ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردە كۆپلىگەن دەھشەتلىك، زوراۋان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئۆلۈم ـ يېتىمغا سەۋەب بولدى. تېرورلۇققا قارشى خەلقئارا ھەمكارلىق كۈچىيىۋاتقان (نۆۋەتتىكى) ۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستان قوراللىق كۈچلىرى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە نامىدا ئۆزىنى نىقابلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقى بارلىقىنى دەۋا قىلىشماقتا. لېكىن، بۇ خىل تاكتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ <تېرورلۇق تەشكىلاتى>لىقتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» (13).

«شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق تەھدىتى» ھەققىدىكى بۇ چۈشەندۈرۈشتە تەپسىلاتلار كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»قا چاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتە ۋە ئايلار مابەينىدە خىتاي دۆلەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان بىر ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۇەن (唐家璇) 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىدىكى ھاياجانلىق نۇتقىدا، خىتاينىڭ خەلقئارا «تېرورلۇق تەھدىتى»گە قارشى كۈرەشنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى ھەمدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىنى مەزكۇر تەھدىتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۆرۈشكە باشلىغانلىقىدىن شەپە بېرىپ شۇنداق دېدى: «خىتايمۇ تېرورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ. <شەرقىي تۈركىستان> تېرورلۇق كۈچلىرى خەلقئارا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن، قوراللاندۇرۇلغان ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنگەن. <شەرقىي تۈركىستان> گۇرۇھىغا قارشى تۇرۇش خەلقئارالىق تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر» (14). خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2001 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر مۇستەقىللىق پائالىيەتچىلىرىنىڭ خەلقئارالىق تېرورچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مۈجمەل گەپلەرنى قىلغان بولسا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق خەلقئارالىق پائالىيەت جەريانىدىكى بۇ ئەيىبلىشى تېخىمۇ كەسكىن بولغانىدى. لېكىن، بۇ باياناتتىكى مۈجمەل ئىبارىلەر خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرىكى سۆزلىرىگە ئوخشاشلا، ئۇلار تىلغا ئالغان «شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى» زادى كىملەر؟ ئۇلار قايسى «خەلقئارالىق تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى»دىن مەبلەغكە ئېرىشىۋاتىدۇ؟ دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇردى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ب د ت دىكى دائىملىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەزكۇر باياناتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېلان قىلغان قىسقا ئىزاھات بۇ خىل سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب بولسا كېرەك (15). «<شەرقىي تۈركىستان> تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسامە بىن لادىن ۋە <تالىبان> بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ناملىق بۇ ھۆججەتتە خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى بولمىش ئۇسامە بىن لادىن بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بار «تېرورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كېلگەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەزكۇر ھۆججەتتە بۇ تېرورلۇق تەھدىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 40 نەچچە تەشكىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى دەپ ئاتالغان مۇجمەل گۇرۇپپىدىن كېلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (16). مەزكۇر ھۆججەتتە يەنە تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە شۋېتسارىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىزىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا زوراۋانلىقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن (17). ھۆججەتتە مەزكۇر تەشكىلاتلاردىن باشقا، 1990 - يىللاردا خىتاينىڭ ئىچى - سىرتىدا زوراۋانلىق قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان باشقا ھەر خىل تەشكىلاتلارمۇ تىلغا ئېلىنغان (18).

بۇ گەپلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر سىياسىي تەشكىلاتلىرىنى چۈشىنىدىغان سىرتقى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە بىمەنە تۇيۇلدى. ئۇيغۇرلارنى ياكى ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى تەتقىق قىلىۋاتقان خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەزەلدىن بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بۇ تەشكىلاتلارنى «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپمۇ قاراپ باقمىغانىدى. خۇسۇسەن، 1990 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر مىللەتچى تەشكىلاتلىرىنى بىلىدىغان مەنمۇ، مەزكۇر ھۆججەتتە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ» دېيىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئاڭلاپ باققانىدىم. مەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئىتتىپاق» دەپ ئاتالغان «ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىرلەشمە كومىتېتى»نى بىلەتتىم. مەزكۇر «ئىتتىپاق» بۇ رايوندىكى ھەر خىل دىندىن خالىي ئۇيغۇر مىللەتچى تەشكىلاتلىرىدىن كۆنلۈكسىمان تەشكىلات (umbrella organization) شەكلىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى. ئەمما مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ قولىدىكى مەبلەغنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى، ئىچكى ئىختىلاپ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى ـــ خىتاينىڭ ئىچىدە تېخىمۇ شۇنداق ـــ بىلەتتىم. مەن يەنە تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دىنىي پۇرىقى نىسبەتەن كۈچلۈك، شۇنداقلا ئاساسلىقى شۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندىن چىققانلاردىن تەشكىل تاپقان مىللەتچى تەشكىلات ـــ «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»نىمۇ (ETLO) بىلەتتىم. شۇنداقلا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەم سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكى ۋە «شائخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىشى مېخانىزمى» رامكىسى ئاستىدا قازاقىستان بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىملەر سەۋەبلىك، 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقىستان بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدىم. بۇ ئىككىلا تەشكىلاتنىڭ ئۇسامە بىن لادىن ۋە «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىغا ئىشىنىش تەس ئىدى. بۇ

خىل قالپاقنى شۈبىتسارىيەگە جايلاشقان «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلەشمىسى»گە كىيدۈرۈش كىشىگە تېخىمۇ بىمەنە تۇيۇلاتتى. چۈنكى، بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا دىندىن خالىي تەشكىلات بولۇپ، ئاساسلىق ئىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى خەلقئارا جەمئىيەتكە يەتكۈزۈش ئىدى.

ھۆججەتتە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى ۋە تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇشى توغرىسىدىكى بەزى پەرەزلەرگە يول ئاچقان بىر تەشكىلات ـــ ئافغانىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ دېيىلگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (ETIM) ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان ھېچبىر خەلقئارالىق تەتقىقاتچى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغاندى، ھالبۇكى ئۇلار ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىمۇ ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئافغانىستاننىڭ ئۇيغۇر يۇرتىغا يېقىنلىقىنى، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى (تالىبان ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى) ئافغانىستاننىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خىلمۇخىل مۇسۇلمان ئۆكتىچى كۈچلەرنى بىخەتەر پاناھگاھ بىلەن تەمىنلەشكە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مايىللىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بىر ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاندا پەيدا بولۇشى ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى؛ ئەمما تالىبانلار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋردە ئەمەلىيەتتە ئانچە كۆپ ئۇيغۇر ئۇ يەرگە بارمىغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر مۇشۇنداق بىر تەشكىلات راستىلا مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ «ئەلقائىدە» بىلەن باغلىنىشى بار دېيىلگەن «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ئوخشاشلا «ئەلقائىدە» بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشىمۇ مۇمكىندەك قىلاتتى. «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىگە قارشى، شۇنداقلا 1990 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئافغانىستانغا قېچىپ بېرىۋالغان دىندار ئۆزبېكلەرنىڭ تەشكىلاتى ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆججىتىدە «شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئەيىبلەنگەن باشقا ھەرقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا قارىغاندا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار ئىدى. ھۆججەتتە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ھەسەن مەخسۇم ئىسىملىك بىر ئۇيغۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇسامە بىن لادىن ۋە تالىبانلارنىڭ 300 مىڭ دوللار ياردەمگە ئېرىشكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (19). ھۆججەتتە يەنە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قارمىقىدا «خىتاي باتالىيونى» بارلىقى، مەزكۇر باتالىيون جەڭچىلىرىنىڭ ئافغانىستاندا تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، «ئافغانىستاندا، چېچىنىيەدە ۋە ئۆزبېكىستاندا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقى» ياكى «شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ تېرورلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى» بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (20).

بۇ قاراشلارنىڭ مۇۋاپىقلىقى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ دەرۋەقە «ئەلقائىدە» بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى قىياسلارغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاسانلىقچە دەلىللىگىلى بولمىغاچقا، خەلقئارادا ھېچقانچە دىققەت قوزغىمىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۆزىدىن باشقا، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى ئىسپاتلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئارمىيىسى 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى قوراللىق كۈچلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنى كەمدىن كەم ئۇچراتقانىدى. شۇڭلاشقا، خىتاينىڭ «ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندىكى بازىسى ئارقىلىق

خىتايدا زوراۋانلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا» دېگەن گېپىنىڭ زەررىچىلىك ئاساسى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى»نىڭ «ئەلقائىدە» بىلەن بولغان باغلىنىشى يېتەرسىز بولۇپ، بۇ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئۇلارنى ئاساسلىق تەھدىت دەپ قاراشقا يەتمەيتتى.

ھالبۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «ئۇيغۇرلار ئەلقائىدەگە چېتىشلىق» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، (ئۇيغۇرلار بىلەن ئەلقائىدە ئارىسىدىكى ئاتالمىش) بۇ مۇناسىۋەتنىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېتىراپ قىلغۇزۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە لوبىچىلىق قىلدى (21). 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئاخبارات ئىشخانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورلۇق» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي دوكلات ئېلان قىلدى، مەزكۇر دوكلاتتا يەنە بىرىنچى دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان سالاھىيىتى نامەلۇم «شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى»گە قارشى خەلقئارالىق ھەرىكەت قوللىنىش چاقىرىق قىلىندى. «<شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى> قانۇنىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ» ماۋزۇلۇق بۇ ئىككىنچى ھۆججەت ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا، شۇنداقلا قوشنا رايونلارغا ئېلىپ كەلگەن «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى، تۆۋەندىكىدەك كەسكىن ئىبارىلەر بىلەن باشلانغان: «ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ، خىتاي زېمىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى <شەرقىي تۈركىستان> كۈچلىرى خىتاينىڭ <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى>دا ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەردە، ئاتالمىش <شەرقىي تۈركىستان> دۆلىتىنى قۇرۇش مەقسىتىدە، پارتلىتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەرلەش ۋە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى (22).

يۇقىرىدىكى «مۇقەددىمە»دىن كېيىن، خىتاي مەزكۇر ھۆججەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالاقىدار قىسقىچە تارىخنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدۇر» دېگەن دەۋاسىغا رەدىيە بېرىشكە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرىنى «خەلقئارا تېرورلۇق» ۋە «ئىسلامىي ئاشقۇنلۇق»قا باغلاشقا ئۇرۇنغان. بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلىدىن باشلاپلا خىتاينىڭ «ئايرىلماس بىر قىسمى» ئىكەنلىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلا «تۈرك» ئەمەسلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقى ئاستىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۇرۇنۇشى «رادىكال ئىسلام» ۋە «خەلقئارا تېرورلۇق تورى» تەرىپىدىن رادىكاللاشتۇرۇلغان خىتاينى پارچىلاش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان خەلقئارالىق سۇيىقەستنىڭ بىر قىسمى دېيىلگەن (23). گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى بۇ فانتازىيەلىك بايانلار تارىخچىلار تەرىپىدىن ئاسانلا ئىنكار قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنى «تېرورلۇق»قا باغلاش، شۇنداقلا خىتاينىڭ «بۆلگۈنچىلىك»، «ئاشقۇنلۇق» ۋە «تېرورلۇق»تىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەھدىتنى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بىر پۈتۈن تەھدىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەنتىقىسى ھەققىدە چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

گەرچە ھۆججەتنىڭ تارىخقا ئالاقىدار بۇ بۆلۈكى خەلقئارادا ئانچە كۆپ دىققەت قوزغىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆججەتنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈكىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان «تېرورلۇق قىلمىشلىرى»غا ئائىت ئاتالمىش پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئاخىرىدا بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارادا «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىدى. بۇ بۆلۈمدە ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېيىلگەن: «خىتاي تېررىتورىيەسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى <شەرقىي تۈركىستان> تېرورلۇق كۈچلىرى 1990 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەتتىن بولغان 162 كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، 440 دىن ئارتۇق كىشىنى يارىلاندۇرغان 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېرورلۇق ۋەقەسىگە جاۋابكاردۇر» (24). ئاندىن مەزكۇر ھۆججەتتە كۆپىنچىسى 1990 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن، خىتاي تەرىپىدىن «تېرورلۇق قىلمىشى» دېيىلگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ئوبرازلىق تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەلەر «پارتلىتىش»، «قەستلەپ ئۆلتۈرۈش»، «ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش»، «زەھەرلەش ۋە ئوت قويۇش» ۋە «مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ پەيدا قىلىش» قاتارلىق كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلغان (25). بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان باشقا تەپسىلىي ئۇچۇر مەنبەلىرى كەمچىل بولغاچقا، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ زادى خىتاي تەسۋىرلىگەندەك يۈز بەرگەن ـ يۈز بەرمىگەنلىكى، يوللۇق ھالدا «تېرورلۇق» دېيىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش تەس.

ھالبۇكى، يۈزەكى قارىغان تەقدىردىمۇ، مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان جانلىق ئېنىقلىمىغا كۆرە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «تېرورلۇق» دېيىشكە بولىدىغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى، بۇ ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى پۇقرالارنى نىشان قىلمىغانىدى، ھەتتا ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىقنىمۇ تەشكىل قىلمايتتى. ئىگىلىنىشىچە، (بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدىكى) «قەستلەپ ئۆلتۈرۈش» قىلمىشلىرى رايوندىكى (خىتاي بېكىتكەن) دىنىي نىزاملارغا بىنائەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى دىنىي خادىملارنى نىشان قىلغان. بۇلار ئالدىن پىلانلانغان ۋە سىياسىي غەرەزگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى «تېرورلۇق» دېگەندىن كۆرە، «پارتىزانلىق ئۇرۇشى» دەپ قاراش كېرەك. ئاتالمىش «ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا قىلىنغان ھۇجۇم»لارنىڭ پۇقرالارغا قارىتىلمىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق. (ئاتالمىش) «مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ پەيدا قىلىش» قىلمىشلىرى بولسا 1990 ـ يىلىدىكى بارىن ۋەقەسى ۋە 1997 ـ يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما، بۇ ۋەقەلەر تىنچ نامايىش سۈپىتىدە باشلانغان بولغاچقا، «تېرورلۇق»نىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ھەرقانداق ئېنىقلىمىسىغا ماس كەلمەيدۇ. «زەھەرلەش ۋە ئوت قويۇش»قا كەلسەك، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار بەكلا ئاز بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئالدىراپ «تېرورلۇق» دېگىلى بولمايدۇ. يۈزەكى قارىغاندا، مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان ئېنىقلىمىغا كۆرە، «تېرورلۇق» تاكتىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېيىشكە بولىدىغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان بەش قېتىملىق ئوخشىمىغان پارتلىتىش ۋەقەلىرىدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار تولىمۇ ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى مەزكۇر ھۆججەت ئېلان قىلىنغانغا قەدەر خەۋەر قىلىنمىغان. «تېرورلۇق» تاكتىكىسىغا چېتىشلىقتەك كۆرۈنىدىغان ۋە يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان ئىككى ۋەقە ئايرىم ـ ئايرىم

هالدا 1992 ـ ۋە 1997 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاپتوبۇستا بومبا پارتلىتىش ۋەقەلىرىدۇر. لېكىن، بۇ پارتلىتىش ۋەقەلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىرەر تەشكىلات ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ باقمىدى، شۇنداقلا مۇشۇ ۋەقەلەر سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغانلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئىنتايىن ئاز (26).

1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان مەزكۇر زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى تىزىملىكىنى ـــ ھەتتا، ئۇ قىسمەن توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ـــ شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەكىللىنىۋاتقان، ئۆز ۋەتىنىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشىغا بولغان نارازىلىقىنىڭ كارتىنىسى دېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا «تېرورلۇق تەھدىتى»، ھەتتا «تەشكىللىك قوراللىق تەھدىت» توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق. ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىق قىلمىشلىرى بولماستىن، بەلكى غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ئىستىخىيەلىك پارتلىشى ياكى شەخسىي ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ھەتتا بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر ۋەتىنىنى ئازاد قىلىشنى كۆزلەيدىغان ئۆز ـ ئۆزىنى «قوراللىق كۈچلەر» دەۋالغانلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدا پۇقرالارنى نىشانلىغانلىقىغا جەزم قىلىشقا بولىدىغىنى پەقەتلا ئىككى.

مەزكۇر ھۆججەتتە (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك) ئىلگىرىكى زوراۋانلىقلار توغرىسىدا توختىلىنغاندىن كېيىن، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان ئۇقتۇرۇشتىكىگە ئوخشاشلا، بۇ زوراۋانلىقنىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، كىملىكى نائېنىق «شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى» نىڭ ئافغانىستاندىكى «ئەلقائىدە» ۋە «تالىبان»نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن، بىر قانچە ئاي ئىلگىرىكى ھۆججەتكە ئوخشىمايدىغىنى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ قېتىم مەزكۇر گۇڭگا تەشكىلاتقا چېتىشلىق دېيىلگەن سۈرگۈندىكى بىر تۈركۈم مىللەتچى تەشكىلاتلارنى تىلغا ئالماستىن، ئۇنىڭ «جەنۇبىي ئاسىيا»دىكى تارمىقىغا، بولۇپمۇ ئافغانىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە مەركەزلەشكەن (27). بولۇپمۇ، ھۆججەتتە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «ئەلقائىدە» ۋە ئۇسامە بىن لادىن بىلەن بولغان ئاتالمىش «قويۇق مۇناسىۋىتى»گە ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئامېرىكانىڭ 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستاندىن پاكىستانغا قېچىپ كەتكەن بىر قانچە ئۇيغۇرنى قولغا ئالغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ئەلقائىدەگە چېتىشلىقتۇر» دېگەن گېپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئامېرىكادا «خىتاي ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ بەك باستۇرۇش ئۈچۈن، <تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش>تىن پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن پايدىلىنىۋاتىدۇ» دېگەن گۇمانلارنىڭ سالمىقى يەنىلا ئېغىر ئىدى (28).

گەرچە ھۆججەتتىكى نۇقتىئىينەزەردە نۇرغۇن يوچۇقلار بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ دوكلات ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى تەقدىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىدىغان ۋە «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەھدىتى»دە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىغا ئالاقىدار كەمتۈك ھېكايىدىكى ئاساسى ھۆججەتكە

ئايلىناتتى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ۋە ب د ت مەزكۇر ھۆججەتتىكى نۇقتىئىينەزەرنى قوبۇل قىلىپ، 2002 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېلان قىلغانغا قەدەر، مەزكۇر ھۆججەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى تولۇق تونۇپ يېتىلمىدى.

داۋامى كېيىنكى ساندا

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۆچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.

ساغلاملىق



# پىسخىكىڭىزدا مەسىلە بارمۇ، قاراپ چىقىڭ

جون شۋتىن

# پسخىكىمىزدا مەسىلە بارمۇ، قاراپ چىقىڭ

## جون شۆتىن

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ ھاياتتا ھەممىمىز باش قېتىنچىلىقلىرىغا دۇچ كېلىمىز، تۈرلۈك ئىشلارغا ئىچىمىز سىقىلىدۇ، ھەتتا ھاياتتىن زېرىككەندەكمۇ بولىمىز. ھالبۇكى، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە بۇ پسىخىكىلىق قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەرنىڭ قانداق ۋاقىتتا پسىخىكىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم. مەن بۈگۈن پسىخىكىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئازراق بولسىمۇ ياخشى كۆرۈشىمىز، قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئادەم ئۆزىنى ياخشى كۆرمىسە، ھەتتا ئۆزىدىن نەپرەتلەنسە، مەسىلەن مەلۇم جەھەتتە ئۆز ئۆزىدىن بىزار بولسا، ئۆزىنى ئەرزىمەستەك ھېس قىلسا، ھەمدە بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال بولماستىن ئىزچىل داۋاملاشسا، بۇ سىزدىكى پسىخىكىلىق مەسىلىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن.

ساغلام روھىي ھالەتكە ئىگە كىشىلەر ئۆزلىرى يولۇققان مەسىلىلەرگە قارىتا ھەل قىلىش چارىسى تېپىپ چىقالىشى ياكى شۇنداق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەلىشى مۇمكىن. ئەمما، بىر ئادەمدە پسىخىكىلىق مەسىلە بار بولسا، مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇ: ئوتتۇرىدا بىر مەسىلە بار، گەرچە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسان بولسىمۇ، ئەمما پسىخىكىسىدا مەسىلە بار كىشىلەر مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىگە يۈزلەنگىلى ئۇنىمايدۇ ۋە مەسىلىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىشقا كۆنۈۋالىدۇ. مەسىلىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىش ئۇسۇللىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ باشقىلارغا پەقەتلا زىيىنى يوق. مەسىلەن، بەزىلەر ئىچى سىقىلغاندا، پۇرسەت تاپسىلا ئۇخلايدۇ ۋە ئاللىقانداق ئاماللار بىلەن شۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ. يەنە بەزىلەر، كۆڭلى يېرىم بولغاندا ياكى باشقىلاردىن ئازار يېگەندە، شۇلار بىلەن يۈزلىشىشنىڭ ئورنىغا تويغۇچە يەپ ـ ئىچىدۇ. بۇنى «ھېسسىي تاماق» دەيمىز. بۇنداق كىشىلەردە سېمىزلىك كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمما، يەنە بەزىلەر ئۆزىنى مەسىلىدىن ئەپقېچىش ئۈچۈن ناباب ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىگە يۈزلىنىشنىڭ ئورنىغا، ھاراقتا، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىدۇ ھەمدە ھاراقنى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىستېمال قىلغان مۇددەتتە، ئۇ مەسىلىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلەيدۇ. يەنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئاشۇ ھاراق ياكى زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ناركوزلايدۇ، بىخۇدلاشتۇرىدۇ. ئۇ مەزكۇر جەرياندا ئاشۇ مەسىلىدىن قۇتۇلغانمۇ بولسۇن، ئەمما مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، مەسىلە ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرغان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ھاراقنى تېخىمۇ كۆپ ئىچىشكە باشلايدۇ. بەزىلەر بازار چۆرگىلەش، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆز كەيپىياتىنى كۆتۈرەلەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنى بىرەر ئىشقا ھەددىدىن زىيادە مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق مەسىلىدىن قېچىشى مۇمكىن. بۇلارمۇ پسىخىكىلىق بىنورماللىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قانچىسىدۇر.

بىزنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزمۇ روھىي ساغلاملىق ئەھۋالىمىزنى چۈشىنىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن، مەن يېنىمغا مەسلىھەت سوراپ كەلگەنلەردىن دائىم «دوستلىرىڭىز بارمۇ؟ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز قانداقراق؟» دېگەن سوئاللارنى سورايمەن. ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى بارلىق (ياكى مۇتلەق كۆپ قىسىم) كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە مەسىلىگە يولۇققان بولسىڭىز، ھە دېگەندە باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ قالسىڭىز، ھەركىمگە غۇمىڭىز بولسا ياكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىڭىز تەسكە توختىسا، (باشقىلارنىڭ سىز بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمىغانلىقى سەۋەبلىك) يالغۇز قالسىڭىز، بۇمۇ سىزدە پسىخكىلىق مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گاھىدا ئىلگىرى ياخشى ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن ئارىمىزدا ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ، قىسمەن ئىشلار كاللىمىزدىن پەقەتلا ئۆتمىسە ھەمدە بۇنداق ئەھۋالدا، بىز دۇچ كەلگەن ئالامەتلەر بىلەن بىللە، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بۇزۇلسا، مەكتەپ ھاياتىمىز، خىزمەت ھاياتىمىز پالاكەتتىن بېرى كېلەلمىسە، شۇنداقلا بۇ بىر ـ ئىككى كۈنلۈك مەسىلە بولماستىن، ئىزچىل داۋاملاشسا بۇمۇ بىزدە مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

روھىي ھالىتى ساغلام كىشىلەر تۇرمۇشتا ئۆز ئېھتىياجى بىلەن ۋەھىمىسىنىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايدۇ. ھەممىمىزنىڭ ھاياتتا ئاللىقانداق ۋەھىمە ـ تەشۋىشلىرى، قەدەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. ئەمما، بىر ئادەمدە پسىخكىلىق مەسىلە بار بولسا، ئۇ ئۆز ۋەھىمىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھايات توغرىسىدا نۇرغۇن ئۈمىدلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ خۇسۇستا بىرەر قەدەم ئېلىشتىمۇ ئىككىلىنىدۇ. نەتىجىدە، قورقۇنچ ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالىدۇ ـ دە، ئادەم كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلالمىغاچقا، چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. ھەمدە بۇ قورقۇنچنى يېڭەلمىگەچكە، ئۇ ئاشۇ ناچار ئايلىنىش ئىچىدە قالىدۇ، بەخت، ھۇزۇر ۋە ئارامخۇدالىق ھېسسىياتى ئۇنىڭدىن بەكلا يىراقلاپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققان ھەم قورقۇنچلىرىڭىزنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان بولسىڭىز، بۇ سىزدە پسىخكىلىق مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىشى ئۆزىنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى باھالىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ خۇمارىدۇر. خۇمار دېگىنىمىز، بىر نەرسىنىڭ (شەيئىنىڭ، ئادەتنىڭ ۋەھاكازا) بىزگە زىيان سالىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ھاياتىمىزدا ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش ئۇرۇنۇشىمىزدۇر. خۇمارنىڭ ئوبيېكتى نوقۇل ھالدا زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ھاراقنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بەزىدە بۇ بىزگە ئازار بېرىدىغان خىزمەت مۇھىتى ياكى كىشىلەر بولۇشى؛ ھەتتا بىزگە ئازار بېرىدىغان مۇناسىۋىتىمىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، نۇرغۇن كىشىلەر بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئىشەنگۈسىز ئەزىيەت يەتكۈزۈشىگە قارىماستىن، شۇ كىشىلەرگە باغلىنىپ (يەنى «خۇمار» بولۇپ) قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىل ھالەت داۋاملاشسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ خۇمار (باغلىنىپ قېلىش)دىن قۇتۇلالماسلىق سەۋەبلىك كىشىنىڭ روھىي ھالىتى تامامەن نورمالسىزلىشىدۇ. تۇرمۇش سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر بۇنداق كىشى پسىخكىسى نورمال بىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەزىيىتى كۆپ ئادەم بىلەن بىللە ياشىغانلىقى سەۋەبلىك، روھىي ھالىتى بەكلا ناچارلىشىپ كېتىدۇ.

ھەممىمىز ھاياتتا گاھى ياخشى، گاھى ناچار ئىشلارغا دۇچ كېلىمىز. ناچار ئىشلارغا دۇچ كەلگىنىمىزدە كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ، ھەتتا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز ۋە بىر مەھەل ئاشۇ سەلبىي شەيئىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز. ئەمما روھىي ھالىتى ساغلام كىشىلەر ئۆزىدىكى ماسلىشىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، نورمال ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. بۇ (تۈرلۈك ئىشلاردا) زىيان تارتىش، ۋەيران بولۇش ياكى (يېقىن ـ يورۇق) بىرەرسىدىن ئايرىلىش قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. نورمال پىسخىكىغا ئىگە كىشى بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ «شۇنداق، ئۇنى سېغىندىم! ھېلىھەم ئازابلىنىۋاتىمەن، ئەمما ھاياتنى داۋاملاشتۇرمىسام بولمايدۇ» دېگەن نۇقتىغا بارالايدۇ. ئەمما بىر ئادەمدە پىسخىكىلىق مەسىلە بولسا ياكى ئۇ باشتىن كەچۈرگەن ئەھۋال ئۇنى پىسخىكىلىق بىنورماللىققا دۇچار قىلغان بولسا، ئۇ ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا رېئاللىققا ماسلىشالمايدۇ. بۇنداق كىشى بىر ئايلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلگىنى ئۈچۈن بەش يىل ئازابلىنىدۇ ياكى ئىزتىراپى سەۋەبلىك كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بېكىنىۋالىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەر بىر قېتىملىق ۋەيران بولۇش سەۋەبىدىن ھېچيەردە ئىشلىمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. يەنى رېئاللىققا ماسلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنى ۋەھىمىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇمۇ سىزدە پىسخىكىلىق مەسىلە بارلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن.

ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشتا، ئىشتىھايىمىز، ئۇيقۇ سۈپىتىمىز، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز قاتارلىق جەھەتلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇقىم ئادەتلىرىمىز بار. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىز توغرىسىدا ياكى بىز ئۆزىمىز توغرىسىدا «پالانىنىڭ (مېنىڭ) ئىشتىھايى مۇنداقراق، تاماقنى ئاز (ياكى كۆپ) يەيدۇ؛ پالانى مۇنداق ۋاقىتتا ئۇخلايدۇ ۋە مۇنداق ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرىدۇ؛ پوكۇنىنىڭ پۇستانى قاتارلىق دوستلىرى بار، ئۇلار مۇنداق ۋاقىتتا كۆرۈشىدۇ. پالانى باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان (يەنى ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك) ئادەم ياكى ئۆزىگە كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم» دېگەندەك باھالارنى بېرەلەيمىز. يەنى ھەممىمىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بىلىنگەن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئادەتلىرى بار، ئەمما بەزىدە پىسخىكىمىز بۇزۇلغاندا، بۇ ئادەتلەر تامامەن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئىشتىھاسى تۆۋەن ئادەم تاماقنى كۆپ يېيىشكە باشلايدۇ. ئەسلىدە ئىشتىھاسى نورمال بولغان ئادەم ئىشتىھاسىنى يوقىتىدۇ ـ دە، قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇيقۇسى قاچىدىغان، ئاز ئۇخلايدىغان ئادەمنىڭ كارىۋاتتىن چۈشكۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ ياكى دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، ئەسلىدە كۆپ ئۇخلايدىغان ئادەم كارىۋاتتا ياتسىمۇ خىياللىرىنىڭ ئايىغى چىقماي، ئۇيقۇسىز ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىشى مۇمكىن. خۇلاسە كالام، ئەگەر بىزنىڭ نورمال تۇرمۇش ئادىتىمىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەكسى يۆنىلىشكە ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ پىسخىكىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

سىزدە پىسخىكىلىق مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئالامەت شۇكى، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى كۆزەتكەندە كاللىڭىزدا مۇنداق بىر خىيال تۇغۇلىدۇ: «بۇ كىشىلەر قانداقسىغا خۇشال بولالىدى؟ ئۇلار خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى نەدىن تاپتى؟ مەن نېمىشقا بۇنداق (خاپىغان) ياشايمەن؟ ھايات مەن ئۈچۈن نېمىشقا بۇنچە مۈشكۈل؟». ئەگەر ئۆزىڭىزنى ئاشۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلسىڭىز، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا سىزدىن بەك خۇشالدەك كۆرۈنسە، دېمەك بۇ يەردىمۇ مەسىلە بار.

يەنە بەزىدە بىز باشقىلار ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەن كىچىككىنە بىر ئىشنىڭ ۋەزنىنى كۆپتۈرۈۋېتىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئاغرىپ قېلىشتىن ياكى مەينەتچىلىكتىن قورقۇش بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياكى بىزدە «بېشىمغا كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىش كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدىغان ھالەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، بىزنى تونۇيدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ «ھەي پالانى! بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭ، بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك ئىش يوق!» دېيىشىگە، ھەتتا بۇنىڭغا قوشۇپ سىز تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۇ ئىشقا ئۇنچە كىرىشىپ قېلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىشىغا قارىماستىن، سىز (تونۇش ۋە ناتونۇش بارلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە) ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن قاتتىق ئەندىشىلەنسىڭىز ۋە بۇ ئەندىشە ھاياتىڭىزغا، ئۇيقۇڭىزغا، مۇناسىۋىتىڭىزگە تەسىر يەتكۈزسە، بۇمۇ ئېغىر پسىخىكىلىق مەسىلىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن.

بىزگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭمۇ، كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭمۇ ئەڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرى مۇناسىۋەتتۇر. ئەگەر بىز ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇناسىۋەت مۇشكۈل بولسا، شۇنداقلا بىزدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، دائىملا تالاش ـ تارتىش ۋە يىرىكچىلىك ئىچىدە بولساق، ئادەم بىر تەرەپتىن بۇ مۇناسىۋەتكە كۆنۈپ قالىدۇ. خۇددى ئىش ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. سىز بۇ خىل مۇناسىۋەت داۋامىدا ئۆزىڭىزنى روھىي جەھەتتە ئانچە بەك ئازابلانمىغاندەك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما روھىي جەھەتتە ئازابلانمىغاندەك ھېس قىلغانلىقىڭىز سىزنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەنمىگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر سىزنىڭ بىرەرسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز يىرىك بولسا ۋە بۇ جىددىيلىك ئىزچىل پەسەيمىسە، ھەمىشە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى جېدەل چىقىپلا تۇرسا، بۇ خىل ھالەت ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا پسىخىكىڭىزغا زىيان سالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ خىل ئەھۋالغىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلىش، سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرى ئەلۋەتتە قىممەتلىك، ئەمما بۇ پىكىرلەرنى كىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئېغىر دەرىجىدە ئۆز مەپتۇن ياكى بىزنى ھاقارەتلىمەكچى بولغان بىرىنىڭ گەپلىرىگە بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق كىشىلەر «پسىخىكىڭىز بۇزۇلۇپتۇ، پسىخىكا دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بولغۇدەك» دېگەندەك گەپلەرنى بىزنى تېخىمۇ بىئارام قىلىش ئۈچۈن دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئىلگىرى پىكىرگە، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋە ياخشى نىيىتىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن «دوستۇم، پسىخىك دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ باقساڭ قانداق؟ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايلا قالدىڭ. بەزى ئىشلارغا بەھۇدە كىرىشىپ قالغاندەك تۇرىسەن. خاپىلا كۆرۈنىسەن» دېگەندەك پىكىرلەر كەلسە، بۇ چاغدا بۇنداق كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىزدە بىرلا ۋاقىتتا تېپىلسا ھەمدە بۇلارنىڭ ئالامەتلىرى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان بولسا، ھەتتا داۋاملىق كۈچىيىۋاتقان بولسا، سىزدە پسىخىكىلىق مەسىلە كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

كۆپىنچە كىشىلەر پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ئۆزۈم ھەل قىلالايمەن دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر سىزدىكى مەسىلە تولىمۇ يېنىك بولسا ئۆزىڭىز ھەل قىلىپ كېتەلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، سىزدىكى پسىخىكىلىق مەسىلە ئوتتۇراھال ياكى ئېغىر دەرىجىدە بولسا، (پسىخىك دوختۇر قاتارلىقلاردىن) ياردەم ئالماي تۇرۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئاسان

مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بەزىلەر «ئەگەر مەن بىر پسىخولوگقا ياكى روھىي كېسەللەر دوختۇرىغا كۆرۈنسەم، كىشىلەر مېنى ساراڭكەن دەپ قالامدۇ؟ بۇ قانداقمۇ ھەل قىلىش چارىسى بولسۇن؟» دېيىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، نۇرغۇن پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى گاھىدا دورا ئارقىلىق، گاھىدا پسىخىكىلىق داۋالاش ئارقىلىق، يەنە گاھىدا ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى داۋالىغىلى بولىدۇ.

مەن يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي، كىشىلەر ئارىسىدا پسىخىكىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا دورا ئىشلىتىشكە قارىتا بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، بۇ خىل بىر تەرەپلىمە قاراش ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. دەرۋەقە، ئىلگىرى خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغان ۋە ئۆز كەسپىنى سۆيمەيدىغان بەزى پسىخىك دوختۇرلار ھە دېگەندىلا بىمارلارنى چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرىنى ئىچىشكە بۇيرۇۋەرگەچكە، ئاشۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراش شەكىللىنىپ قالغان. ئەمما مەن شۇنى ئېنىق ئېيتىشىم كېرەككى، بەزى ئەھۋاللاردا مۇئەييەن پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى دورا ئىشلەتمەي تۇرۇپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. ئەمما نۇرغۇن پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى ھەم دورا ئىشلىتىش، ھەم پسىخىكىلىق داۋالاشتۇر. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. نوقۇل دورا ئارقىلىق داۋالاش، ياكى نوقۇل پسىخىكىلىق داۋالاش بەزىدە ئۈنۈمسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندە، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئەگەر سىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالامەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، نېمە قىلىشىڭىز، ئىشنى قەيەردىن باشلىشىڭىز كېرەك؟

مەن ئالدى بىلەن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىغا تەكشۈرتۈشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئائىلىق دوختۇر ياكى روھىي كېسەللەر دوختۇرىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئۇ سىزگە ھەم دورا ئارقىلىق، ھەم پسىخىكىلىق داۋالىنىش توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ. سىز مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللىشىڭىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا يىللار ئاشۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ. ئەمما، سىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئازاب ۋە زۇلمەت ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم ئەمەس.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://youtu.be/786GiMK9L0




# ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمنى يەر شارى ئىقتىسادىغا باغلىغان «تېرورلۇق كاپىتالىزمى»

دەرىن بايلېر

# ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمنى يەر شارى ئىقتىسادىغا باغلىغان «تېررورلۇق كاپىتالىزمى»

## دەرېن بايلېر

«كىملىكىڭ قېنى؟» دەپ ۋارقىرىدى بىر ياللانما ساقچى ماڭا. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مەن ئىمكانقەدەر باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن، ئىزچىل ھالدا كۆزۈمنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ كەلگەنىدىم.

بۇ 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ھەر ئىككى يۈز مېتىردا بىردىن تەكشۈرۈش پونكىتى بار قەشقەر شەھىرىنىڭ ساياھەت رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى.

ياللانما ساقچىلار ئادەتتە كۆزئەينەكلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ چەتئەللىك ئىكەنلىكىنى تونۇۋالالايدۇ. ئەمما، يىللاردىن بۇيان، مەن ئىنسانشۇناسلىق سۈپىتىم بىلەن خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاش ۋە خىزمەت قىلىش جەريانىدا، ھەمىشە خاتا ھالدا ئۇيغۇر دەپ قارىلىپ كەلدىم.

«مەندە بۇ يەرنىڭ كىملىكى يوق، مەن چەتئەللىك، مەندە پەقەت پاسپورتلا بار» دېدىم مەن خىتايچە.

ئىلگىرىكى بىر تەكشۈرۈش پونكىتىدا، بىر ئۇيغۇر ياللانما ساقچى ماڭا ئارتۇقچە گۇمان تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇيغۇرچە سۆزلىمەسلىكنى جېكىلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن تەكشۈرۈش پونكىتىدا خىتايچىلا سۆزلەش ياكى يېزىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كەلگەنىدىم.

«ھە! مۇنداق دەڭ، ئۇنداقتا ماڭا پاسپورتىڭىزنى كۆرسىتىڭ» ــ دېدى ياللانما ساقچىمۇ خىتايچە سۆزلەشكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ (خىتايچە) تەلەپپۇزىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاشلا تۈز ۋە ئۆلچەمسىز ئىدى. ئۇ پاسپورتىمنى ۋاراقلاۋېتىپ، رەسىمىمنى كۆرۈپلا توختاپ قالدى ۋە «نېمانچە يوغان ساقال بۇ!» دېدى. «بۇ مېنىڭ (ئامېرىكادىكى) يۇرتۇمدىكى نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئۇسلۇبى» دېدىم مەن. 2014 ـ يىلى، «شىنجاڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ دىنىي تارمىقى 55 ياشقا توشمىغان ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشىنى دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇقنىڭ ئېھتىمالىي ئىپادىلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى.

ئاخىرىدا، بىر خىتاي ئەر پەيدا بولدى، ئۇ قورال ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان «ھەقىقىي» ساقچى ئىدى. ئۇ مەندىن ئارقا كۆرۈنۈشىمنى، نېمىشقا ساياھەت قىلىۋاتقانلىقىمنى ۋە خىتاي تىلىنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىمنى سورىدى. شۇنداقلا، مېنى سىستېمىدا تەكشۈرۈپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ماڭا ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

ئاخىرىدا، ئۇلار يەنىلا مېنىڭ ئايرىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. مەن ئۆزۈم تونۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش لاگېرغا سولانمىدىم، توۋەن مائاشلىق زاۋۇتلاردا ئىشلەشكىمۇ تەقسىم قىلىنمىدىم. مېنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىم (مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭكىگە ئوخشاش) توپلانغان بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئامېرىكا پاسپورتىم مال ـ مۈلۈك ۋە ئەمگىكىمنى قانۇنلۇق ئوغرىلىقتىن قوغداپ تۇراتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەن يەر

شارىۋى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنى قوروپ چىققان ئىمپېرىيەنىڭ تارىخىنىڭ ئىچىدە ئىچىدە ياشىغانلىقىم ئۈچۈنلا، ئۆزۈم نۆۋەتتە تەتقىق قىلىۋاتقان كونترول ۋە «قايتا تەربىيىلەش» سىستېمىسىغا كىرىشىپ قالغانىدىم. ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ رەقەملەشتۈرۈلۈشى، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» ۋە ئەرزان باھالىق تاۋارلارغا بولغان تەلپۈنۈش ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. ئەمما، قوغدىلىدىغان يوقىرا بولمىش مەن ھېس قىلغان قورقۇنچ، كەمىنە تەكشۈرۈش پونكىتىدا شاھىت بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ ئالدىدا پەقەتلا دېڭىزدىن تامچە ئىدى، خالاس. (مەن بۇ يەردىن قۇتۇلالىغان بولسامۇ،) ئەمما ئۇلارنىڭ قېچىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

«تېرورلۇق كاپىتالىزمى»

ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا، مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى تەكشۈرۈش پونكىتى، لاگېر ۋە زاۋۇتلاردا رول ئوينايدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەرنى چۈشەندۈرۈشمىگە ياردەم بېرەلەيدىغان ئۇقۇم رامكىسىنى بارلىققا كەلتۈردۈم ۋە بۇ ئۇقۇمنى «تېرورلۇق كاپىتالىزمى» دەپ ئاتىدىم. بۇ كاپىتالىزمنىڭ ئىرقىي ۋە مىللىي پەرق سەۋەبلىك ھېس قىلىنغان تەھدىتتىن پايدىلىنىپ، يېڭى شەكىلدىكى مەبلەغ توپلايدىغان ۋە دۆلەت كۈچى ھاسىل قىلىدىغان يېڭى ساھەسى ئىدى. كاپىتالىزمنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى بەرپا قىلىش ئىلگىرى بازار سىرتىدا بولغان نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى، بۇ تەبىئىي بايلىقلارنى قېزىش، مۇستەملىكە يەرلىرىنى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، مۇئەييەن بىر ئىرققا تەۋە كىشىلەرنى تۆۋەن مائاش بىلەن ياكى پۈتۈنلەي مائاشسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دەۋرىمىزدە بولسا، سۈنئىي ئىدراك تەتقىقاتىدىكى بۆسۈشلەر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئۆزگەرتىۋاتقان ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ (قىلمىش ۋە بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇمات دېگەندەك) ئىلگىرى ئۆزگەرتىلمىگەن تەرەپلىرى ئۇنۇم، ئىستەك ۋە جىنايەت قاتارلىقلارنى ئۆلچەيدىغان ۋە شۇلاردىن بېشارەت بېرەلەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ياساشقا ئىشلىتىلمەكتە. سانلىق مەلۇماتلار تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن باھالىنىدىغان مەزكۇر «تۆتىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى» ھەربىي ـ سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ خىتاي، ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە ۋە باشقا جايلاردىكى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى ھەمدە دۆلەت ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە شىركەتلەرنىڭ تېخنىكا كەسپىنى ھاياتنىڭ يېڭى ساھەلىرىگە كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەربىي ۋە ئامانلىق ساقلاش قوراللىرىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، دۆلەتلەر ۋە شىركەتلەر كىشىلەرنى كونترول قىلىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى (ئۆزى خالىغانچە) تىزگىنلەش ئۈچۈن، رەقەملىك ئىسپات ئېلىش قوراللىرى، بىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە رەسىم تونۇش سىستېمىسى قاتارلىق ئۈچۈر ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشقا سالماقتا.

تېرورلۇق كاپىتالىزمى تېخنىكىلىق زۇلۇمنى دۇنيا ئىقتىسادىغا باغلىدى. كۆزىتىش ۋە ئامانلىق ساقلاش ئۇل مۇئەسسەسە سىستېمىسىدا ئەسلىدىنلا بار بولغان بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىدىن ھالقىغان ھالدا ئىجاد قىلىنغان تۈنجى مەبلەغ شەكلى سانلىق مەلۇمات (Data) بولدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «ئۇرۇش رايونى» دەپ تەبىرلىشى سەۋەبلىك، بۇ يەردە سانلىق مەلۇمات كۆچۈملەشكەن (يەنى سانلىق مەلۇماتقا بولغان ئېھتىياج

ئىنتايىن يۇقىرى) مۇھىت يارىتىلىپ، خىتايدىكى بىر قىسىم چوڭ كۆلەملىك خۇسۇسىي ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ رەقەملىك ئىسپات توپلاش تېخنىكىسى، رەسىم، چىراي ۋە تىل تونۇش قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. چىراي سۈرىتىدىن تارتىپ مۆڭگۈزپەردە سكانىرلاشقىچە، ئاۋاز ئىمزاسىدىن رەقەملىك ئارخىپقىچە، مەزكۇر شىركەتلەر ئىزچىل ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى 15 مىليون مۇسۇلمان ھەققىدە سانلىق مەلۇمات ئەۋرىشكىلىرىنى توپلىماقتا. مەزكۇر سىستېما ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكادىكى گۇگۇلدىن پالانتىرغىچە (Palantir) بولغان خۇسۇسىي شىركەتلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش قىلمىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمانلار غەربتىكى پۇقرالار بەھرىمەن بولىدىغان ئىستېمالچىلارنىڭ ئىجازەت بېرىش ـ بەرمەسلىك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنغانىدى.

ئىككىنچى خىل كاپىتال شەكلى رەقەملىك قورشاۋ سىستېمىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىدۇر. 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەرەققىياتقا مەسئۇل تارماقلىرى لاگېر ۋە قايتا تەربىيىلەش سىستېمىسىنى 1990 ـ يىللاردا مەزكۇر رايونغا خىتاي كۆچمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان نېفىت، تەبىئىي گاز، پاختا ۋە پەمىدۇر بايلىقلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان كۆلەمدىكى «ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ» دەپ تەسۋىرلەپ كەلدى. جازا لاگېرلىرى لاگېردىن زاۋۇتقىچە بولغان لىنىيەدە ھەرۋاقىت نەچچە يۈزمىڭلىغان مەھبۇسنىڭ بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەقلىيفوننى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش پونكىتى، يۈز سكانىرلاش قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلغان كۆزىتىش سىستېمىسى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنى خىتاي دائىرىلىرى بەلگىلىگەن جايدا تۇرغۇزۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى رايىشلاشتۇردى. مۇھىمى، بۇ سىستېمىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېكسپورت قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى يەر شارى كاپىتالىزمىنىڭ يېڭى ساھەسى دەپ چۈشىنىش كېرەك.

تېرورلۇق كاپىتالىزمى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» شوئارىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت كاپىتالى ۋە خۇسۇسىي كاپىتالنىڭ سانلىق مەلۇمات ۋە ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرگە سالغان مەبلىغىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق تەھدىتىنى ــ شۇلارنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يۈزمىڭلىغان تېرورچىنى ــ «بايقاش» ۋە «ۋۇجۇدقا چىقىرىش» ئۈچۈن يېڭى تېخنىكىلارنى ئىشقا سالدى ـ دە، بۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە قازاقلارنىڭ يەرلىرىنى ۋە ئەمگەك كۈچىنى «قانۇنلۇق» رەۋىشتە ئىگىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مەن «تېرورلۇق كاپىتالىزمى: خىتاي شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەھرۇملۇقى ۋە مەردانىلىكى» (Terror Capitalism: Uyghur Dispossession and Masculinity in a Chinese City) نامىلىق ئېتنوگرافىيەدە، مۇستەملىكىچىلىك پروجېكتىنىڭ كاپىتالىزمنىڭ يېڭى كېڭىيىش ساھەسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ، مۇستەملىكىچىلىك بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئورتاق شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردۈم. «لاگېرلاردا: خىتايدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق سۈرگۈنگاھ» (In the Camps: China’s High ـ Tech Penal Colony) نامىلىق يەنە بىر كىتابتا بولسا، مەن ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن سىستېمىلارنىڭ نازارەت قىلىش بىلەن قانداق باغلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مەزكۇر سىستېمىلارنىڭ (ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق) قوغدالمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا قايسى رەۋىشتە يانتاياق بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلدىم.

قۇرۇلما خاراكتېرلىك دۈشمەنلىك تارىخى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، خىتاي يەر شارى كاپىتالىزمىغا يۈزلەنگەن بازار ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان رايونلار ــــ بۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ ــــ ئاندىن كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى پروجېكتىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى. ئىلگىرى، خىتاي مەزكۇر رايوننىڭ شىمالىدا (خىتايلاردىن تەشكىل قىلىنغان) ئايرىۋېتىلگەن ئولتۇراق رايونلارنى قۇرغان ئىدى، ئەمما دۇنيا بازىرى ۋە خىتاي دۆلىتى خىتايلارنىڭ (شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى) ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشكە ئىلھام بەرگەندە، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تىپىك ئىپادىلىرى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلار ئۆز زېمىنىدىن ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن مەھرۇم قىلىندى، مەسچىت، مەكتەپ ۋە بانكا قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا تەۋە مۇئەسسەسەلەر ئۇلاردىن تارتىۋېلىندى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى پايدىنى كۆزلەيدىغان شىركەتلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خىتاي ئىشلىتىدىغان نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە پىرسەنتىنى تەمىنلەيدىغان مەنبەگە ئايلاندى. ئۇنىڭ خىتاينىڭ كۆمۈر زاپىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى. شۇنداقلا، مەزكۇر رايون ھازىر دۇنيادىكى پاختا ۋە پەمىدۇرنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە پىرسەنتىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى كۆچمەنلەر باشقۇرۇشقا باشلىغاندا، يۇكسەك دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئىجارىكەش (ئورتاقچى) دېھقانچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ سىستېما ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن (ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن) مۇئەييەن زىرائەتلەرنى تېرىشنى، ئاندىن مەھسۇلاتنى دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان سېتىۋالغۇچىلارغا، چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدىكى تۆۋەن باھادا سېتىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنى خىزمەت ئىزدەش ئۈچۈن يېزا ـ قىشلاقلاردىن شەھەر مەركىزىگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىششىز قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

2009 ـ يىلى خىتاينىڭ شەرقىدىكى بىر زاۋۇتتا ئىككى ئۇيغۇر ئىشچىسى سان ـ ساناقسىز خىتاي ئىشچىلىرى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ھالدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ جەددىيلىك شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كوچىغا چىقىپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىشىغا سەۋەب بولدى ۋە بۇ تىنچ نامايىش ساقچىلار تەرىپىدىن زوراۋانلارچە باستۇرۇلغاچقا، ئاخىرىدا مالىمانچىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. يەرلىك دائىرىلەر بۇنىڭغا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىكى ھەربىيلەشتۈرۈلگەن «قاتتىق زەربە» ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ئولتۇراقلىشىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىش نىسبىتى ئاشتى. 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر پۇقرالىرى بېيجىڭ، كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى خىتاي پۇقرالارغا قارىتا زوراۋانلىق ھۇجۇملىرىنى قوزغىدى. دۆلەت دائىرىلىرى بۇ ھۇجۇملارغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇش ۋە رامىزاندا روزا تۇتۇش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلىرىنى دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ «روھىي كېسەللىكى»نىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالامەتلىرى دەپ

تەسۋىرلەشكە باشلىدى. «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى، ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى يوقىتىش پىلانىغا ئايلاندى.

دۆلەت ئورگانلىرى ھوقۇقنى خۇسۇسىي شىركەتلەرگە ۋە ياللانما ساقچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە يۈزلىگەن چوڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنى قۇردى. زامانىۋى تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ ئۈستۈن سەۋىيەسىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان كۆزىتىش كەسپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىققا تايىنىدىغان ئېگىلىكتىن نەپكە ئېرىشكەن خۇسۇسىي سانائەتچىلەر ۋە خىتاي كۆچمەنلەر ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنىڭ شىددەت بىلەن كۈچەيتىلىشى نەتىجىسىدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. 2016 ـ ۋە 2017 ـ يىللىرى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچۈر بىخەتەرلىكى ساھەسىگە تەخمىنەن 7 مىليارد 200 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى راسخوتىنى توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشۇردى. شۇ يىلى، دۆلەت بۇ رايوندىكى خۇسۇسىي شىركەتلەر بىلەن تەخمىنەن 65 مىليارد دوللارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى توختامى تۈزۈشتى، شۇنداقلا يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا 160 مىليارد دوللار راسخوت ئاجراتتى، بۇ ئىلگىرىكىدىن تەخمىنەن ئەللىك پىرسەنت كۆپ ئىدى. ئاشۇرۇلغان مەزكۇر راسخوتنىڭ كۆپ قىسمى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە چېراي تونۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تەكشۈرۈش پونكىتىدىن توققۇز مىڭنى قۇرۇشقا ۋە بۇ پونكىتلاردا ئىشلەيدىغان 60 مىڭدىن ئارتۇق تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىنى يالللاشقىمۇ ئىشلىتىلگەن. مەزكۇر خىزمەتچىلەرگە يەرلىك مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەقلىيفونلىرىنى سكانېرلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى دىنىي ۋە سىياسىي قىلمىشلىرىغا دائىر «مىكرو يىپ ئۇچى»لىرىنى تاپىدىغان ئۇسكۇنىلەر سەپلەپ بېرىلگەنىدى.

سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچى دېيۋىد بروفىنىڭ (David Brophy) كۆرسەتكىنىدەك، بۇ رايوندا بەرپا قىلىنغان سىستېما دۇنيادىكى ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكا قوللانغانغا ئوخشاش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىنى ئاساس قىلغان. بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى «توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسى»دۇر. ھەربىي ۋە ئامانلىق ساقلاش ئىلمىنىڭ بۇ خىل ئاساسلىق شەكلى ـــ پۈتۈن خەلققە قارىتا تەلتۆكۈس ئىستىخبارات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ توپىلاڭچى دەپ بېكىتىلگەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنى بىتچىت قىلىش ۋە «قالغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، پېترائۇسنىڭ (Petraeus) «توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسى» ئافغانىستان ۋە ئىراقتا قوللىنىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتايدىكى ئامانلىق ساقلاش ۋە ھەربىي ساھە نەزەرىيەچىلىرى ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە تەدبىقلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكادىكى «زوراۋان ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدىكى ئاتالمىش ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش پروگراممىلىرىنى ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا قانداق تەدبىقلاش ھەققىدىمۇ كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئارۇن كۇندىنانىغا (Arun Kundnani) ئوخشاش تەنقىدىي تېررورلۇق تەتقىقاتچىلىرى كۆرسەتكەندەك، بۇ پىلانلار «تەقۋادارلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئىسلامىي ئىبادەتلەر زوراۋان قىلمىشلارغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن خاتا پەرەزگە تايانغان. ئەمەلىيەتتە، «توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسى» ۋە «زوراۋان ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش پروگراممىسى» ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكنى تۈزۈملەشتۈردى.

يېقىنقى ماقالىمدە كۆرستىپ ئۆتكىنىمدەك، خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ــ بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ــ ساقچى مەكتەپلىرىدە، نەزەرىيەشۇناسلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى يۇقىرىقى ئىككى ئەندىزىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىگە تەدبىقلاشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، خىتايدا «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»نىڭ نىشانى پەقەتلا تۈركىي مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۇ رامكىلاردىن پايدىلىنىپ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك خەلققە قارىتىلغان باھالاش خىزمىتىنى سىستېمىلاشتۇردى. ھەتتا، جازا لاگېرلىرىدىمۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىراقتىكى مەھبۇسلارنى تۈرگە ئايرىش مېتودى، شۇنداقلا «زوراۋان ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش پروگراممىسى»دا ئىجاد قىلىنغان «جىنايەتتىن ئىلگىرىكى» بوشلۇق تەقلىد قىلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر سىستېمىسىنىڭ شۇ تۈردىكى باشقا سىستېمىلار بىلەن بولغان پەرقى ئۇنىڭ كۆلىمىدىن باشقا، «ئىدىيە ئىسلاھاتى»نى تەكىتلەش مېتودىدۇر. خىتاي بۇ يەردە قايتا تەربىيەلەش لاگېرىنىڭ ماۋ زېدوڭچە مىراسلىرىنى بەرپا قىلماقتا. ئىراققا كەلسەك، «ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۆزى يېقىندىلا ۋەيران قىلىۋەتكەن ۋە ئىشغال قىلىۋالغان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش»تىكى مەقسەت ئامېرىكالىق كۆچمەنلەرنىڭ مۇستەملىكىسىنى بەرپا قىلىشتىن بەكرەك، ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، ئامېرىكاغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇشتۇر. شۇڭلاشقا، مەزكۇر ئىراق ھۆكۈمىتى خەلق ئارىسىدىن تاللانغان، ئەمما ئامېرىكانىڭ ھەربىي قوللىشىغا ئېرىشكەن رەھبەرلەردىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستاندا مەزكۇر پروگراممىا ھەم جازالاش، ھەم «ئۆزگەرتىش» خاراكتېرىگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ مۇسۇلمان بولمىغان خىتاي دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆچمەن ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ.

قايتا تەربىيەلەشكە ياندىشىدىغان ئەمگەك تۈزۈمى

مەن يۇقىرىدا شەخسىي تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ كۈچى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بازار ئۇلۇشىنى كېڭەيتىش ۋە سانلىق مەلۇمات توپلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا توختالدىم. ئەمما، بۇ خىل ئىزگىنلەش سىستېمىسى ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك مەبلەغ جۇغلاش پائالىيىتى كېڭەيتىش ئۈچۈن قايسى رەۋىشتە خىزمەت قىلىدۇ؟

2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ شەرقىدىكى شەھەرلەردىكى زاۋۇت خوجايىنلىرى قايتا تەربىيەلەش لاگېرى سىستېمىسىغا، شۇنداقلا مەزكۇر سىستېمىغا بەند قىلىنغان ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە ۋە تولۇقلىمىغا باغلانغان، يېڭى قۇرۇلغان سانائەت باغچىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشتى. مەزكۇر زاۋۇت خوجايىنلىرى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىر قىسمىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈش ئارقىلىق، شىركەتلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۆزلىرى تەۋە ئۆلكە دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتۈردى، شۇنداقلا ئۇلار (شەرقىي تۈركىستاندىكى) لاگېر ۋە بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى بىمالال كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولدى. خىتايدىكى ئومۇمىي پاختىنىڭ 85 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدۇ، خىتاي ھەم كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى خىزمەتنىڭ تەخمىنەن ئون پىرسەنتىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەش كويىدا.

زاۋۇت بىناسىنىڭ ئىچى بۇ ئىشچىلارنىڭ دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كۆچمە ئىشلەمچىلەرگە ئوخشاش، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بار قورۇنىڭ ئىچىدە يېتىپ - قوپىدۇ. ئەمگەك كۆچى تەتقىقاتچىلىرىدىن پان نگاي (Pun Ngai) ۋە كىرىس سمىس (Chris Smith) بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى «ياتاقلىق ئەمگەك سىستېمىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ خىل مۇھىت زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ئىشچىلاردىن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشنى، ھەتتا ھەپتە ئاخىرىدىمۇ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشىنى؛ ھەمدە (شارائىتى ناچار بولسىمۇ) تۇرالغۇ چىقىمىنى كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلىتىشنى ئاسانلاشتۇرىدىكەن. گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىكى قايتا تەربىيەلەشكە ياندىشقان ئەمگەك تۈزۈمىدىكى ئەھۋالمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى كۆزىتىش سىستېمىسى، ماددىي توسۇق ۋە لاگېرغا سولىنىش تەھدىتى قاتارلىق ئامىللار ئۇيغۇر ۋە قازاق ئىشچىلارنىڭ (بۇ خىل زاۋۇتلاردىن) ئايرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زاۋۇتنىڭ ئىچىدە، كامېرا سىستېمىسى، ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە قاراۋۇللار بۇ يەردىكى ئىشچىلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «ئەقلىي ئىقتىدارلىق» زاۋۇت ۋە ئامبار باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ مەنتىقىسىگە كۆرە نازارەت قىلىدۇ. بۇ زاۋۇتلاردىكى نازارەت قىلىش ئەسلىھەلىرى ئىشچىلارنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنىڭ نازارەت قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زاۋۇت مەسئۇللىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھاجەتخانىغا بارسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ۋە قاچان بارسا بولىدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ قانداق تاماق يەيدىغانلىقىنى؛ تېلېفوننى يېنىدا ئېلىپ يۈرسە ياكى ئىشلەتسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى؛ قايسى تىلدا سۆزلىشىشى كېرەكلىكىنى؛ قاچان، قانچىلىك ئىشلەيدىغانلىقىنى؛ قاچان، قانچىلىك ئۇخلايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشلىمىگەن ۋاقىتلاردا نېمىلەرنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

## تېرورلۇق كاپىتالىزمى دۇنياۋىمۇ؟

گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ سىستېما ئۆز كۆلىمى ۋە سىستېمىلىق ۋەھشىيلىكىنىڭ ئېغىرلىقى جەھەتتە مىسلىسىز بولسىمۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلار نازارەت قىلىش ئەسلىھەلىرى ۋە ھەقسىز ئەمگەك سىستېمىسى ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن ۋە چەتكە قېقىلغان بىردىنبىر خەلق ئەمەس. نۇرغۇن دۆلەتلەردە بۇ خىل يېڭى ھوقۇق شەكلى ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەت ۋە مۇساپىرلار توپىنى — ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلاردۇر — كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا، ئىسرائىلىيە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدىكى ئۆل ئەسلىھە كۆچلىرى - تەكشۈرۈش پونكىتى، بىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تونۇش ۋە سانلىق مەلۇمات توپلاش ئارقىلىق پەلەستىنلىكلەرنى نىشانلىماقتا. ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا، مەن ئىنسانشۇناس كارولىنا سانچېز بويې (Carolina Sanchez Boe) بىلەن ھەمكارلىشىپ، بۇ سىستېمىلارنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. سانچېز بويېنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكاسى، ئوتتۇرا شەرق ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىن كەلگەن پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي چېگراسى ئارقىلىق ئامېرىكاغا كىرگەندىن كېيىن، ھوشۇقىغا ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان ھالەتتە، «كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى»نىڭ (ICE) تۈتۈپ تۇرۇش مەركىزىدىن قويۇپ بېرىلمەكتە. مەزكۇر ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىلىرى كۆچەيتىلگەن نازارەت قىلىش ۋە چىراي تونۇش سىستېمىسى ئارقىلىق تەقىب قىلىنىپ تۇرىدۇ. تېرورلۇق گۇماندارلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچۇش چەكلىمىسى تىزىملىكىنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا، مەزكۇر كۆچمەنلەر ساياھەت قىلىشى چەكلىنىدىغان كۆزىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنداقلا، «كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا قانۇن

ئىجرا قىلىش ئىدارىسى» ئۇلاردىن «Behavioral Interventions Incorporated» شىركىتى ياساپ چىققان يۇمشاق دېتال ئارقىلىق يۈز سكانېرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا، مەزكۇر يۇمشاق دېتالغا يەنە گۇگۇل خەرىتىسى تەمىنلىگەن ئىلغار خەرىتە مۇلازىمىتى ۋە «Verizon»نىڭ سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتىمۇ سەپلەنگەن.

ئامېرىكادا، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پەيدا بولغان كۆزىتىش تۈل ئەسلىھەلىرى قوغدالمىغان مۇساپىرلار ۋە كۆچمەنلەر توپىنى كۆلرەڭ رايونلارغا، شەھەرلەرنىڭ چېتىگە ئىتتىردى ۋە ئۇلارنى تۆۋەن مائاشلىق خىزمەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ مەقستى ئۇيغۇرلارنى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن يوقىتىشتىن بەكرەك، ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتۇر.

گەرچە بۇ خىل سىستېمىلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى قايتا تەربىيەلەشكە ياندىشقان ئەمگەك سىستېمىسى بىلەن ئامېرىكادىكى گۇۋاھنامىسىز ۋاقىتلىق خىزمەتلەر بىردەك ئەركىنسىزلىكنىڭ (unfreedom) ئوخشاش ۋارىيانتىدۇر. ئامېرىكادىكى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن، ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىلىرىگە باغلانغان كەمسىتىش، ئۇلار ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىز قوغلىنىشۋاتقانلىقىنى ۋە (ئۆزلىرىگە ئالاقىدار) سانلىق مەلۇماتلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكتىن ھېس قىلغان تەھدىت تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. گۋاتېمالالىق بىر پاناھلىق تىلىگۈچى ئايال سانچېز بويىچە «پۇتۇمدىكى <رەقەملىك كىشەن> سەۋەبلىك، <كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى> خادىملىرىنىڭ مېنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن قەيەردە كۆرۈشكەنلىكىمنى ۋە گۇۋاھنامىسى يوق كۆچمەنلەرنىڭ قەيەرگە يىغىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن. ئۇ ئايال بۇ سۆزنى قىلىپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، «كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى» كۆچمەنلەرگە قارىتا ئون يىل مابەينىدىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك زەربە بېرىپ، مىسسىسسىپىدىكى ئۆي قۇشلىرى زاۋۇتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 680 نەپەر كۆچمەن ئىشچىنى قولغا ئالغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ باللىرى مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىز قالغانلىقىنى كۆرگەن. قولغا ئېلىش گۇۋاھنامىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، فېدېراتسىيە ئالاھىدە خادىملىرى ئاشۇ زاۋۇتتىن خىزمەت تاپقان لاتىن ئامېرىكاسلىق ئاياللارنىڭ پۇتىغا ئورنىتىلغان ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىلىرىدىن توپلانغان سانلىق مەلۇماتلارغا تايانغان.

مىسسىسسىپى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي كۆرە نازارەت قىلىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتى ئىرقلاشقان يەر شارىۋى كاپىتالىزمنىڭ كونا پەيتىنى ئەسلەتتى. تارىخشۇناس جەيسون مورى (Jason Moore) ئىلگىرى «مانچېستېرنىڭ ئارقىسىدا مىسسىسسىپى بار» دەپ يازغان ئىدى. ئۇ بۇ سۆزىدە 19 ـ ئەسىردە مىسسىسسىپىدىكى پاختا تېرىغان قۇللارنىڭ مانچېستېرنى دۇنيا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندى. بەلكىم، «تېرورلۇق كاپىتالىزمى» شارائىتىدا، بىزمۇ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارقىسىدا مىسسىسسىپى بار» دېيەلىشىمىز مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.thenation.com/article/world/xinjiang-uyghur-terror-capitalism/




# ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت

براين چېيسى

# ئەڭ ھالقىلىق چەكلىگۈچى ئامىلنى تېپىپ چىقىڭ

«پۈتۈن زېھنىڭىزنى نۆۋەتتىكى ۋەزىپىڭىزگە قارىتىڭ. قۇياش نۇرىنى (لوپا ئەينەك ئارقىلىق) مەلۇم بىر نۇقتىغا يىغمىغۇچە، ئۇ جىسىملارنى كۆيدۈرەلمەيدۇ»

ـــ ئالېكساندىر گراھام بېل (Alexander Graham Bell)

نىشان ۋە غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا بىر توسالغۇ بار. ئەنە ئاشۇ توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئاساسلىق نىشانىڭىز ۋە غايىڭىزگە يېتەلەيسىز. شۇڭلاشقا، سىز بۇ توسالغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ئىلگىرىلىشىڭىزگە زادى نېمە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؟ نىشانىڭىزغا يېتىش سۈرئىتىڭىزنى ئاستىلىتىۋاتقىنى زادى نېمە؟ سىزنىڭ بىر نىشاندىن يەنە بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىڭىزنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ سىزنىڭ ئاشۇ مۇھىم «پاقا»نى يېيىشىڭىزگە نېمە توسالغۇ بولىدۇ ياكى تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ نېمىشقا ھېلىھەم ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن نىشانغا يېتەلمىدىڭىز؟

كەسىپىي تەرەققىيات يولىدا، سىز ھەمىشە ئۆزىڭىزدىن يۇقىرىدىكى ئەڭ مۇھىم سوئاللارنى سورىشىڭىز كېرەك. قانداق ئىش قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ھامان سىزنىڭ ئۆز نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار مەۋجۇت بولىدۇ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز شۇ ئىشنى تەھلىل قىلىپ، چەكلىگۈچى ئامىلنى تېپىپ چىقىش، ئاندىن ئۇنى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشتۇر. بولمىسا، ھەر يەردە شۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. سىز چوقۇم پۈتۈن زېھنىڭىزنى ئاشۇ چەكلىگۈچى ئامىلنى يوقىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.

## چەكلىگۈچى ئامىلنى تېپىپ چىقىش

ھەر قانداق بىر ۋەزىپىدە، چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزگە ياكى خىزمىتىڭىزنى تاماملىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىل مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئامىل زادى نېمە؟ جاۋابىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز چوقۇم بارلىق زېھنىڭىزنى ئاشۇ ھالقىلىق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ۋاقتىڭىز ۋە تالانتىڭىزدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خىزمەتنى بىمالال تاماملىيالايسىز.

مەزكۇر (چەكلىگۈچى) ئامىل بەلكىم سىز ياردىمىگە ياكى قارارىغا موھتاج بولغان بىرەر ئادەم بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ سىز ئېھتىياجلىق بىرەر ئىجادىي پىكىر بولۇشىمۇ، شۇنداقلا شىركەتتىكى مەلۇم بىر ئاجىز نۇقتا بولۇشىمۇ، ياكى باشقا سەۋەبلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بۇ چەكلىگۈچى ئامىل ھەمىشە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئۇنى تېپىپ چىقىشتۇر.

مەسلەن، تىجارەتتىكى نىشان ئۆزلۈكسىز خېرىدار تېپىش ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇشتۇر. نۇرغۇن خېرىدارى بولغاندىلا، شىركەت داۋاملىق پايدا ئالالايدۇ ۋە زورىيالايدۇ.

ھەر قانداق بىر شىركەتتە تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان ئامىل ياكى توسالغۇ بار بولىدۇ. بۇ ئامىل شىركەتنىڭ سېتىش سەۋىيىسى، سېتىش ئىقتىدارى ياكى سېتىش بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ بەلكىم تىجارەت تەننەرخى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ شۇنداقلا، مەبلەغ ياكى سەرمايە يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى مەسىلە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىر شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى رىقابەت شارائىتى، خېرىدار ياكى مەۋجۇت بازار ئەھۋالىغا باغلىق. يۇقىرىقى ئامىللاردىن ھەرقانداق بىرى مەلۇم بىر شىركەتنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىنىش سالمىقىغا ۋە پايدا نىسبىتىگە باشقا ئامىللاردىن بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ جەھەتتىكى چەكلىگۈچى ئامىل زادى نېمە؟

ھەرقانداق بىر ئىشتا، ئەگەر ئاشۇ چەكلىگۈچى ئامىلنى تويتوغرا تېپىپ چىقالىسىڭىز ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پۈتۈن زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرسىڭىز، كۆپىنچە ھاللاردا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

## چەكلىگۈچى ئامىلنى 80/20 قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىش

80/20 قائىدىسى تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى تۈرلۈك چەكلىگۈچى ئامىللارنى ھەل قىلىشقىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ سىزنىڭ نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزنى چەكلەيدىغان ئامىللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنىڭ ئىچكى ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى بۇ خىل ئامىللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سىز ئۆزىڭىز سەۋەب بولىسىز. مەسىلەن، بۇ خىل چەكلىگۈچى ئامىل مىجەز ـ خاراكتېرىڭىزدە، قابىلىيىتىڭىزدە، ئادىتىڭىزدە، تەلەپچانلىقىڭىزدا ۋە رىقابەت كۈچىڭىزدە بولۇشىمۇ، ياكى ئۆز شىركىتىڭىز ۋە تەشكىلاتىڭىزدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

چەكلىگۈچى ئامىللارنىڭ پەقەت يىگىرمە پىرسەنتىلا تاشقى ئامىللاردۇر. بۇ يىگىرمە پىرسەنتلىك ئامىللار تاشقى رىقابەت، بازار، ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

سىزنى چەكلەپ تۇرغان ئاساسلىق ئامىل ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ھالقا بولۇشى، ياكى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن ئاندىن بايقىغىلى بولىدىغان ئامىل بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە سىز بۇ جەرياندىكى ھەر بىر ھالقىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ھەر بىر ھالقىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ بېقىشىڭىز كېرەك، شۇندىلا ئىلگىرىلىشىڭىزگە نېمىنىڭ تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىز. بەزىدە خېرىدارلارنىڭ ناچار ئىنكاسى ياكى پىكىرلىرى سېتىشنىڭ ئېشىشىغا ۋە ئومۇمىي سېتىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزىدە مۇئەييەن بىر ئالاھىدىلىكنىڭ كەمچىل بولۇشىمۇ مەلۇم بىر مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنىڭ سېتىلىشىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شىركىتىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن باھالاڭ. رەھبەرلىرىڭىزنى، خىزمەتداشلىرىڭىزنى ۋە قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى كۆزىتىپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا شىركەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ۋە نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرۈڭ.

سەۋەبى ئۆزىڭىزدىن ئىزدەڭ

ئۇنۇمدار كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ ئىلگىرىلىشىمنى چەكلەۋاتقان ئىچكى ئامىل نېمە؟» دەپ سوئال قويىدۇ. ئۇلار رېئاللىقنا دادىل يۈزلىنىپ، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، شۇنداقلا مەسىلىنىمۇ، مەسىلىنىڭ يېشىمىنىمۇ ئۆزىدىن تاپالايدۇ.

سەۋەبنى تېپىپ، شۇنىڭغا قارىتا چارە قوللىنىش

پەقەت ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدىكى چەكلىگۈچى ئامىللارنى توغرا تېپىپ چىققاندىلا، ئاندىن شۇنىڭغا ماس ھالدا چارە قوللىنىپ، مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى قارار قىلالايسىز. ئەگەر سىز بۇ چەكلىگۈچى ئامىلنى بايقىيالمىسىڭىز، ياكى خۇكۈمدە خاتالاشسىڭىز، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەل بولمايدۇ. نەتىجىدە سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتا بىر مەسىلە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

مەلۇم بىر چوڭ شىركەت مېنىڭ مۇھىم خېرىدارىم ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ سېتىش ئەھۋالى بىر مەھەل ناچارلىشىپ كېتىۋىدى، شىركەت رەھبەرلىرى ئاساسلىق مەسىلىنى سېتىش بۆلۈمىدىكىلەردە ۋە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدا دەپ قاراپ، غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنى قايتا تەشكىللەپ، سېتىش خادىملىرىنى قايتا تەربىيەلىدى.

كېيىن، شىركەت رەھبەرلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق سېتىشنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى بايقىغان بولۇپ، ئەسلىدە شىركەتنىڭ بوغالتىرلىرى خاتا ھالدا مەھسۇلات باھاسىنى يۇقىرى بېكىتىۋېتىپتىكەن، مەزكۇر شىركەت كەسكىن رىقابەت جەريانىدىكى ئەۋزەللىكىنى يوقاتقانىكەن. نەتىجىدە شىركەت باھانى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سېتىشى مۇقىم ئېشىپ، شىركەت تەكرار پايدا ئېلىشقا باشلىدى.

ھەر بىر چەكلىگۈچى ئامىل ۋە توسالغۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى مەسىلىلەر داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. مەيلى سىز ئەتىگەندە خىزمەتكە ۋاقتىدا بارىدىغان ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇڭ ياكى ئۆزىڭىز ئىگىلىك تىكلىگەن ئۇتۇقدار شەخس بولۇڭ، چەكلىگۈچى ئامىللار ھەرۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار سىزنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تېپىپ چىقىپ، ئاندىن تېزدىن ھەل قىلىشتۇر.

ھەر كۈنى خىزمەتنى باشلىغاندا، ئالدى بىلەن خىزمىتىڭىزنى چەكلەيدىغان توسالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىڭ. بۇ سىزنى پۈتۈن كۈن ھاياتىي كۈچكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىدۇ ـ دە، خىزمىتىڭىزنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ئىلكىدە تاماملىيالايسىز. ھەرقانداق ئەھۋالدا، چەكلىگۈچى ئامىللار مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا، بۇ ئامىل دەل سىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەۋېتىشكە تېگىشلىك «پاقا»دۇر.

ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىلىك

1. ھازىرلا ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نىشاننى بېكىتىڭ. بۇ نىشان نېمە؟ بۇ نىشانغا يېتىش ھاياتىڭىزغا زور دەرىجىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ خىزمىتىڭىزدىكى قايسى مۇۋەپپەقىيەتلەر كەسپىي ھاياتىڭىزغا ئىنتايىن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

2. ئەڭ مۇھىم نىشانىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىسىڭىز بولىدۇ: «مېنىڭ بۇ نىشانغا يېتىشىمگە نېمە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ھېلىھەم مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم؟ ئىلگىرىلىشىمنى چەكلەۋاتقىنى زادى نېمە؟». بۇلارنىڭ جاۋابىنى تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىڭ. نېمە ئىش قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.

«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# بايدىننىڭ كىشىلىك ھوقۇق نۇتقى ۋە خىتاينىڭ بۇنىڭغا ئېتىرازى

# بايدېننىڭ كىشىلىك ھوقۇق نۇتقى ۋە خىتاينىڭ ئېترازى

تەھرىر ئىلاۋىسى: 2021 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن «دود كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى نۇتقىدا ئامېرىكانىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىغا قايتىدىن باشچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىنتايىن يۇمشاق ئىبارىلەر بىلەن ئىزھار قىلدى. شۇنداقلا، نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى ئېغىر قىرغىنچىلىق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان، ئەلتۆكۈس يىلتىزى قورۇتۇلۇش تەقدىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچار بولۇۋاتقان بىر قانچە خەلق قاتارىدا، «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك» دېگەن ئىبارىلەر ئارقىلىق بىرلا قېتىم تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلەندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكانىڭ مەۋجۇت ۋە سابىق دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە» دېگەن تەييار ھۆكۈملىرى بار بولسىمۇ، بايدېن كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى بۇ مەخسۇس نۇتقىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىبارىسىنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلاندى. ھەتتا، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، «باشقا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن بۇ ئۆچمەنلىك ۋە زۇلۇملار بىزنىڭ ئۆرۈش قوزغىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتە قاتتىق ۋاستە قوللىنىش ئويى يوقلۇقىنى ئوچۇق ئىزھار قىلدى.

ھالبۇكى، ئىشىنىڭ بىمەنە، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى، خىتاينىڭ ئاشقۇن مىللەتچى تاراتقۇلىرىدىن بىرى بولمىش «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» دەرھال بۇ ھەقتە مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىپ، تۆگىنى تۆگىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ، بايدېننىڭ خىتاينى «ئەيىبلىگەن»لىكىگە ناھايىتى كۈچلۈك ئېترازىنى بىلدۈردى، ھەتتا «بايدېن ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك، (كىلىمات مەسىلىسى قاتارلىق ساھەلەردە) خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىمەن دەيدىكەن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئاغزىنى يۇمۇشى كېرەك» دېگەن تۈتۈمنى ئوچۇق بىلدۈردى.

يەنى، بايدېن شۇنچە سىپايە بولغان بولسىمۇ، خىتاي يەنىلا بۇنى پۇرسەت بىلىپ، «شەرقىي تۈركىستاندا زەررىچە زۇلۇم يوق؛ ھېچكىم مېنىڭ <ئىچكى> مەسىلەم توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسۇن!» دېگەن تۈتۈمنى تەكرار تەكىتلىدى ۋە «دۇنيانىڭ غوجىئاكىسى»، «دۇنيا ساقچىسى» ئامېرىكاغا «ئاغزىڭنى يۇم» دېيىش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ۋاستىلىك پوپوزا قىلىپ ئۆلگۈردى.

ئىزچىل ھالدا، ئۆزىنى «دۇنيا ساقچىسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئامېرىكانىڭ، بولۇپمۇ بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان (ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شۇنداق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن) ئوپئوچۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئالدىدىكى بۇ سىپايىگەرلىكى ۋە خىتاينىڭ بۇنىڭ قارشىسىدىكى توقۇمنى قارىنغا ئېلىشى ئارىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بەلگىلىك ئۆچۈر بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە،

پرېزدېنت جوۋ بايدېننىڭ نۇتقىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار بىلەن خىتاينىڭ بۇنىڭغا رەدىيە سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان ئوبزورىدىكى بەزى مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە رەتلەپ چىقتۇق.

***

پرېزدېنت بايدېننىڭ نۇتقىدىن ئۈزۈندىلەر

بۇنىڭدىن 26 يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ كۈندە، سابىق پرېزدېنت بىل كىلىنتون (بۈگۈن ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «دود كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى»نىڭ ئەسلى گەۋدىسى بولمىش) «توماس دود تەتقىقات مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندە سۆزلىگەن نۇتقىدا، «شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مۇستەبىتلىك يولى ھەقىقەتنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن باشلىنىدۇ» دېگەندى.

مېنىڭچە، نۇرېمبېرگ سوتىدىكى «ھەقىقەتنىڭ مەڭگۈ ئىنكار قىلىنماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تېپىش ۋە خاتىرىلەش»تىن ئىبارەت يادرولۇق ساۋاقمۇ دەل مۇشۇدۇر.

نۇرېمبېرگ سوتىدا توم دود پاكىتنى ئاساس قىلىپ، ناتسىستلارنىڭ ئۆزى قالدۇرغان تەپسىلىي جىنايەت خاتىرىسىنى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىنسانىي ئىسپاتلارنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ (ناتسىستلار سادىر قىلغان جىنايەتلەردە) قولى بارلىقىنى رەت قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋە بىلمىگەن بولۇۋالغان بولغان ناتسىست رەھبەرلىرىنى ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ پوتكول گېرمانىيە خەلقىنىڭ (بۇ جىنايەتلەردىن) بىخەۋەر قىياپەتكە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆتمۈشكە مۇئامىلە قىلغاندا ... چوقۇم ھەقىقەتكە يۈزلىنىشىڭىز كېرەك.

(ئەينى چاغدا) مىليونلىغان يەھۇدىيلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە يىغىۋېلىنىپ لاگېرلارغا تاشلاندى: قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىدى، مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىندى ۋە تىببىي تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىندى. ئالتە مىليون يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى گاز ئۆيلىرىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

... باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، گېرمانىيە بۇ ئەھۋالغا دادىل يۈزلەنگەنلىكى، يەنى (جىنايەتلىرىنى) ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلىدى.

شۇڭا، مەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلايكى: نۇرېمبېرگ (سوتى) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھېچقايسى ئىشقا ئوخشىمايدۇ. بۇ (يەنى ناتسىست جىنايەتچىلىرىنى نۇرېمبېرگدە سوتلاش) ئۆچ ئېلىش ئەمەس، بەلكى جاۋابكارلىقىنى تارتىش ئىدى. پەقەت ھەقىقەت ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، بىز ئالدىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىيلىكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.

كىرىس ئېيتقانىدەك، ئۇ بىزنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئېڭىمىزنى كۈچەيتتى. ئۇ ئادالەتنىڭ كېلەچەكتىكى ئۈچۈن ئۆرنەك تىكلەپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

بىز نۇرېمبېرگ سوتىدىن شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سوتلىرىنىڭ لايىھەسىنى كۆردۇق ۋە بۇ سوتلار رىۋاندا ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيەدە يۈز بەرگەن ۋەھشىيلىكتىن كېيىن ئادالەتنى ياقلىدى.

(ئەمما) بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك پرىنسىپلارنىڭ بارغانسېرى ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز ھەمدە زىممىمىزدە (ئەينى ۋاقىتتىكىگە) ئوخشاش تارىخىي مەسئۇلىيەت بارلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز.

ئەنە شۇ ۋەجىدىن، مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا، كىشىلىك ھوقۇقنى تاشقى سىياسىتىمىزنىڭ مەركىزىگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە دۇنيا سەھنىسىدىكى ئەخلاقىي رەھبەرلىك كۈچىمىزنى قايتا تەكىتلەش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندىم. يەنى، كىرىس نۇرغۇن قېتىم مەندىن ئاڭلىغاندەك، مەن بۇ جەھەتتە ئۆز كۈچىمىزنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتمەستىن، بىز تىكلىگەن ئۆرنەكنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندىم.

شۇڭلاشقا، بىز كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۇللۇق ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ يەنىلا تېز ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردىكى ساھە ھالقىغان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، دۇنيانى كۆپ تەرەپلىمە ھالدا قايتا تەشكىللەپ، بىرلەشتۈرۈۋاتىمىز.

بىز ئىلگىرى (ترامپ ھۆكۈمىتى) ئايرىلىپ چىققان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە قايتىپ كىردۇق.

مەن بۇ يىل دېكابىردا توردا ئۆتكۈزۈلىدىغان دېموكراتىك ئەللەر باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىمەن. بۇ يىغىندا بىز دۇنيا رەھبەرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، دېموكراتىك قىممەت قاراشلارنى قوغداش ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت ۋەدىلەرنى بېرىمىز. يەنى ئۇرۇش قوزغاش ۋەدىسى ئەمەس، بەلكى مۇھىم سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بۈگۈن، يەنى مەن گەپ قىلىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە، بىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بارلىقتا كېلىۋاتقان (يېڭى) ئەندىزە ۋە تالاشلارغا؛ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلغانلىقىغا ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقىغا؛ بىرمادىكى ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ روھىنگىياغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە؛ شىمالىي ئېفىيوپىيەدىكى پۇقرالارنىڭ ئاچارچىلىق ۋە جىنسىي زوراۋانلىق ئارقىلىق قورقۇتۇلۇشىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز.

بىز بۇ خىل زەھەرخەندە ئۆچمەنلىكنى ئاڭلىغاندا، باشقا ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ بىزنىڭ (شۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلارغا قارشى) ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما بىز چوقۇم (شۇ زۇلۇملار توغرىسىدا) ئاۋازىمىزنى چىقىرىشىمىز كېرەك. دادامنىڭ ماڭا ئۆگەتكىنىدەك، سۈكۈت (جىنايەتكە) شېرىك بولغانلىقتۇر. نۇرېمبېرگدىكى سادامۇ دەل شۇدۇر: سۈكۈت (جىنايەتكە) شېرىك بولغانلىقتۇر.

مەن بۇ مەسىلىلەرنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى رەھبەرلەرگە ــــ دوستلىرىمىزغىمۇ، رەقىبلىرىمىزگىمۇ ــــ بىردەك ئېيتتىم. مەن شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇمكى، كىشىلىك ھوقۇق ھۆجۇمغا ئۇچرىغاندا ھېچبىر ئامېرىكا پرېزىدېنتى قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرماسلىقى ۋە ئۇنىڭ «قانۇنىي»لىششىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

ئەنە شۇ بىزنىڭ، يەنى ئامېرىكالىقلارنىڭ كىملىكىدۇر. ئۇ بىزنىڭ **DNA** رىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىز ھوقۇقنىڭ بايلارغا ياكى كۈچلۈكلەرگىلا خاس بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق، يۈرۈش قىلدۇق، قۇربانلىق بەردۇق.

ھەقىقەتكە قىلىنغان ھۇجۇم ھېلھەم مۇستەبىتلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. دېموكراتىيەمىزنىڭ (مەڭگۈلۈك) كاپالىتى يوق، ھەممىڭلارنىڭ يېقىندىن بۇيان بۇنى ھېس قىلىشقا باشلىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئەركىنلىكىمىزنىڭمۇ (مەڭگۈلۈك) كاپالىتى يوق. شۇڭا بىز بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىشىمىز كېرەك.

شۇڭلاشقا، بىز «دود كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى»نىڭ قايتا ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى (كېلەچەكتىكى) ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىگە ۋە بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلايلى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى ھاياتىمىزنىڭ قىزغىنلىقى ۋە مەقستى سۈپىتىدە بايقايدۇ ۋە قوغدايدۇ.

***

«بايدېن بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن ھەمكارلىششقا ئۇرۇنۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى سىياستىنى قارىلىسا بولمايدۇ»

يەرشارى ۋاقىت گېزىتى

لۈ شۆ

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن جۈمە كۈنى (15 ـ ئۆكتەبىر) كوننېكتىكات ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «دود كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، خىتاينىڭ شىنجاڭ سىياستى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم داۋراڭ سالدى. بەزى تەھلىلچىلەر ئامېرىكا يېقىنقى كۈنلەردە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىشنىڭ كويىدا، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. ئەمما، بايدېننىڭ سۆزى ۋاشىڭتوننىڭ سەممىيىتى توغرىسىدا گۇمان پەيدا قىلدى.

بايدېن نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بىز بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ۋەھشىيلىك تۈگىدى دېيەلمەيمىز. بىز بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بارلىققا كېلىۋاتقان

(يېڭى) ئەندىزە ۋە تاللاشلارغا؛ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلغانلىقىغا ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقىغا ... شاھىت بولۇۋاتىمىز».

بايدېننىڭ سۆزى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ ئىككى خىللىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. بىر تەرەپتىن، ئۇلار خىتاي بىلەن بولغان جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى، سودا ۋە يەر شارىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىدېئولوگىيە مەسىلىسىدە، بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينى چەكلەش ھەمدە ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىق سىستېمىسىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكانىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى ۋە رەھبەرلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خىتايغا كۆپ قېتىم بېسىم ئىشلىتىپ، «خىتاي تەھدىتى نەزەرىيىسى»نى ئوچۇق ـ ئاشكارا بازارغا سالدى.

سودا جەھەتتە، ۋاشىنگتوننىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئىستىكى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقماقتا. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش جەريانى كۈچلۈك داۋالغۇش ئىچىدە تۇرماقتا. بولۇپمۇ COVID ـ 19 ۋاباسىنىڭ ئېغىر زەربىسىدە، ئامېرىكادىكى پۇل پاخاللىقى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ستاتىستىكىلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بايدېن ھۆكۈمىتى غايەت زور بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە ھەمدە خىتاي بىلەن «قايتىدىن يارىشىش» ئارقىلىق، ئۆز ئىقتىسادىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىشىنى، ئىقتىسادىي كېلەچىكىنىڭ ھازىرقىدىن پارلاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافغانىستاندىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بايدېن ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسەتتە پەۋقۇلئاددە ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە. 2022 ـ يىلى ئامېرىكادا ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلام ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بايدېن ئالدىمىزدىكى (2024 ـ يىلىدىكى) چوڭ سايلامدا پايدىلىق ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن، كونكرېت ۋە ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ۋە بولۇپمۇ كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك تەسىرىنى كۈچەيتىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇ خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىققا تولىمۇ بەك موھتاج. خىتاينىڭ ياردىمى بولمىسا، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى نىشانىغا يېتىشى تەسكە توختايدۇ.

خىتاي خەلقئارا تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى جاڭ تېڭجۈن «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»گە مۇنداق دېدى: «ئامېرىكانىڭ ئۆزى كۆتكىنىدەك، سودا ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ـ كۈچەيتەلمەسلىكى ئامېرىكانىڭ باشقا مەسىلىلەردىكى تۇتۇمىغا باغلىق. خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق تېمىلار بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكا نۇرغۇن مەسىلىلەردە خىتايغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، خىتاي مۇئەييەن بىر ـ ئىككى مەسىلىدە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشمايدۇ. بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش جەھەتتە سەمىمىيىتىنى نامايان قىلىپ، خىتايغا قاراتقان ئومۇمىي سىياسىتىنى سىستېمىلىق تەڭشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەنە شۇ چاغدا، خىتاي ئاندىن ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق ياخشىلاش توغرىسدا ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ».

ختاي ئامېرىكانىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ باقىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» قىلىپ كەلدى. ختاي ئامېرىكانىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق ماھىيەتلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە قاراپ، ئاندىن شۇنىڭغا ماس ھالدا جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. «ئەگەر ۋاشىڭتون شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاساسسىز ھالدا ختايغا تۆھمەت چاپلاۋەرسە، ختاي ئامېرىكانى سەممىيىتى يوقكەن، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا بىر تەرەپتىن ختاينى ئەيىبلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى تەمە قىلسا بولمايدۇ» دېدى جاڭ تېڭجۈن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.whitehouse.gov/briefing-room/statements-releases/2021/10/15/remarks-by-president-biden-at-the-dedication-of-the-dodd-center-for-human-rights/

https://www.globaltimes.cn/page/202110/1236536.shtml



# ئۆسمۈرلۈك سەرگۈزەشتىلەر خاراكتېرىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

كرىستىيان جارىت

# ئۆسمۈرلۈك سەرگۈزەشتىلەر خاراكتېرىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

كرىستىيان جارېت

مېنىڭ بىر جۈپ قىز ـ ئوغۇل قوشكېزەك پەرزەنتىم بۇ يىل تۆت ياشقا كىردى. ئۇ ئىككىسىنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا ئامراقلىق، دوستانىلىق، شۇنداقلا كەيپسىزلىك قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلىرى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئىككىيلەندە بەزى پەرقلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئوغلۇمنىڭ ۋاقىت قارىشى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ دائىم كەلگۈسىگە بولغان قىزىقىشىنى ئىزهار قىلىپ تۇرىدۇ؛ قىزىم بولسا قىلغۇسى بار ئىشلاردا تېخىمۇ دادىل.

مەن بىر دادا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خاراكتېرنى تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگ. مەن باللارنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تولۇپ ـ تاشقان قىزىقىش ئىلكىدە كۆزىتىمەن.

خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى بوۋاقلىق مەزگىلىدىنلا باشلىنىدۇ. لېكىن، مەن باللىرىمنىڭ خاراكتېرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلدە خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

كىشىلەرنىڭ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئۆزگىرىشى پەۋقۇلئاددە تېز بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، تونۇش نېۋروگرافىيەسى مۇتەخەسسىسى ۋە ئۆسمۈرلەر مېڭە مۇتەخەسسىسى سارا جېين بىلېيكمور (Sarah ـ Jayne Blakemore) يېقىندا ئۆسمۈرلۈك مەزگىلدە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە خىرىسنى «مۇكەممەل بوران» (perfect storm) دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ بۇ مەزگىلدە «هورمون ئۆزگىرىشى، نېرۋا ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تۇرمۇش بېسىمى» قاتارلىق بىر قانچە جەھەتنىڭ تەڭلا ئەۋج ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. هالبۇكى، بىلېيكمور بۇلارنىڭ ئارىسىغا «خاراكتېر ئۆزگىرىشى» دېگەن بىر تۈرنىمۇ قوشۇپ قويسا تامامەن بولىدۇ.

بىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىمىز بوۋاقلىق مەزگىلدىن باللىق مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغىچە، نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ، تەپەككۇر، قىلمىش ۋە هېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمىزمۇ ھەم شۇنداق. ئاندىن، خاراكتېر (ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن) ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن يېتىلىش دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ تۇراقلىششقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

هالبۇكى، خاراكتېردىكى بۇ خىل تۇراقلىشىش يۈزلىنىشى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلدە نامايەن بولمايدۇ. بىز خاراكتېرغا تەسىر قىلىدىغان بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كىشى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلدە ئىپادىلىگەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى، ئىشسىزلىققا دۇچ كېلىش ـ كەلمەسلىكى قاتارلىق كەلگۈسىدىكى ھەر جەھەتتىكى هاياتلىق يۆنىلىشىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ.

خاراكتېر ئۆزگىرىشى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتىكى نەزەر دائىرىمىزنى پۈتكۈل ھاياتلىق مۇساپىسىگە كېڭەيتسەك شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ياخشى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئىزچىل ئېشىش يۆزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، (ئىنسانلارنىڭ يېشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ) كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ، بېكىنمىچىلىك پسىخىكىسى ئاجىزلايدۇ، شۇنداقلا ئادەم ۋە نەرسىلەرگە تېخىمۇ دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. پسىخولوگلار بۇ ھادىسىنى «يېتىلىش قانۇنىيىتى» (maturity principle) دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر سىز يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى، غورۇرى كۈچلۈك ھەم سەپرا يىگىت بولسىڭىز، شۇنى مەمنۇنلۇق ئىلكىدە بايقايسىزكى، ئەگەر سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز تىپىك قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلسا، يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سىز بارغانسېرى رايىشلىشىپ كېتىسىز.

ئەمما، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى باللارغا نىسبەتەن، بۇ ئانچە ياخشى خەۋەر ئەمەس. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا «خاراكتېر قالايمىقانچىلىقى» ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

تۆۋەندە بىز نەزىرىمىزنى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتقا ئاغدۇرايلى. مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتلىرى گوللاندىيەلىك ئۆسمۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك 12 ياشتا ئىدى. ئۇلار 2005 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئۇدا ئالتە ـ يەتتە يىل خاراكتېر سىنىقىغا قاتناشقان. بۇ تەتقىقاتقا قاتناشقان ئوغۇللارنىڭ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەستايىدىل ئىش قىلىش (يەنى ئىشلارنى تەرتىپلىك ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە تەلەپچان بولغان ھالدا تاماملاش) دەرىجىسى تۆۋەنلىگەن. قىزلارنىڭ نىرۋا سەزگۈرلۈكى تۆۋەنلىگەن (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كەيپىياتى تۇراقسىزلاشقان). بۇ بايقاشلار بىزنىڭ ئۆسمۈرلەر توغرىسىدىكى «ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى قالايمىقانلا تۇرىدۇ، كەيپىياتى ئاسان داۋالغۇيدۇ» دېگەندەك بەزى مەۋجۇت قاراشلىرىمىزنى قۇۋۋەتلىگەندەك قىلاتتى. ئەمما، ياخشى يېرى شۇكى، خاراكتېردىكى بۇ خىل چېكىنىش ۋاقىتلىق بولۇپ، گوللاندىيەدە ئېلىپ بېرىلغان مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرىكى ئىجابىي خاراكتېر يۆزلىنىشى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدە ئەسلىگە كېلىدىكەن.

ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۆسمۈرلەر بىردەك بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. 2017 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا، گېرمانىيەدىكى 2700 نەپەر ئۆسمۈر تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۆسمۈرلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باھاسى بىلەن باللارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرق چىققان. مەزكۇر ئۆسمۈرلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 11 ياش ۋە 14 ياش ۋاقتىدا، ئۆز ـ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى باھالىغان؛ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا ئىككى قېتىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ خاراكتېرىغا باھا بەرگەن. ئەمما، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ باھالىرى ئارىسىدا خېلى چوڭ پەرق كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە پەرزەنتلىرىنىڭ «ئىلگىرىكىدەك دوستانە بولمايۋاتقان»لىق دەرىجىسى باللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكىدىن خېلىلا كۈچلۈك بولغان. يەنە مەسىلەن، (مەزكۇر تەتقىقاتقا قاتناشقان) ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرىنى بارغانسېرى ئوچۇق مىجەز بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان بولسا، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى بارغانسېرى ئىچ مىجەزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان.

تەتقىقاتچىلار كەسكىن ھالدا شۇنداق دەپ قارىغانكى، «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا بولغان باھاسى باللارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىدىن تۆۋەن بولغان». ئەمما، ئىشنىڭ ئەجابىي تەرىپى شۇكى، ئۆسمۈرلەرنىڭ «ئىلگىرىكىدەك ئەستايىدىل بولالمايۋاتقان»لىق دەرىجىسى جەھەتتە، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى، شۇ ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرى ھېس قىلغاندەك ئۇنچىۋالا چېكىنىپ كەتمىگەندەك ھېس قىلغان.

بۇ ئىككى نەتىجە دەسلەپتە قارىماققا بىر ـ بىرىگە زىتتەك كۆرۈنگەن، بۇنىڭغا بەلكىم ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كۆرۈلۈۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىش سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۆسمۈرلەر بارغانسېرى مۇستەقىللىققا تەلپۈنىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس مەخپىيەتلىكلىرى بار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. تەتقىقاتچىلار يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: باھالاش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ باھالاش ئۆلچىمى ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانىلار ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى باھالىغاندا تىپىك قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ، ئۆسمۈرلەر بولسا قۇرداشلىرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

بۇ باشقا تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتلارمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاكتىپ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ (بولۇپمۇ دوستانىلىق ۋە تەلەپچانلىق) ۋاقىتلىق ئاجىزلىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھادىسىگە دالالەت قىلىغان. شۇڭلاشقا، «ئۆسمۈرلەردە ئومۇمەن قىسقا مۇددەتلىك <خاراكتېر قالايمىقانچىلىقى> كۆرۈلىدۇ» دېگەن ھۆكۈم ئىنتايىن توغرا. بۇنىڭدىن سىرت، گېرمانىيەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا، ئۆسمۈرلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بىردەك ھالدا ئۆسمۈرلەرنىڭ «دوستانىلىق» جەھەتتە چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان، پەقەت (ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت) بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ نەزىرىدىكى چېكىنىش دەرىجىسى پەرقلىق بولغان.

ئۆسمۈرلەرنىڭ مىڭىسىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئىنتايىن ياخشى كىرىش نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا، بىلېيكمور قاتارلىق كىشىلەر ئالللىقاچان ئۆسمۈرلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مىڭىدىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىشلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش دەرىجىسى توغرىسىدا توختالدى.

2018 ـ يىلى نورۋېگىيەدىكى ئېلىپ بېرىلغان چوڭ مىڭە تەسۋىر ھاسىل قىلىش تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ بەلكىم ئۆسمۈرلەردىكى خاراكتېر ئۆزگىرىش ئەندىزىسىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىكەن. تەتقىقاتچىلار ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا، ئون نەچچە ئۆسمۈرنىڭ مىڭىسىنى ئىككى قېتىم سكانىرلىغان ۋە بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن بالىلىرىنىڭ مىجەزىنى باھالاشنى تەلەپ قىلغان.

مەزكۇر تەتقىقاتتىن ئېرىشىلگەن بىر مۇھىم بايقاشتا كۆرسىتىلىشىچە، ئىشلارنى قىلىشتىكى ئەستايىدىللىق دەرىجىسى جەھەتتە يۇقىرى نومۇر ئالغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭ مىڭىسىنىڭ بىر قانچە يېرىدىكى چوڭ مىڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ نېپىزلەش دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولغان (بۇ مىڭىنىڭ تېخىمۇ ياخشى يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر). يەنە شۇنىڭدەك، ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىقلىقى جەھەتتە يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭ مىڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ نېپىزلەش دەرىجىسىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغان.

هالبۇكى، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ، ئەمما تەتقىقاتچىلار «خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىكى چوڭ پەرقلەر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ يېتىلىشى بىلەن قىسمەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە، چوڭ مېڭىدىكى كۈلرەڭ ماددىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىنىڭ ھېسسىياتى ۋە قىلمىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بېسىم ۋە ئوڭۇشسىزلىق قاتارلىق باشقا تاشقى ئامىللارنىڭمۇ خاراكتېر ئۆزگىرىشى بىلەن مۇرەككەپ باغلىنىشى بار. ئۆسمۈرلەر مۇقەررەر ھالدا تۈرلۈك بېسىملارغا دۇچ كېلىدۇ. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ بېسىملار مۇئەييەن خاراكتېر ئۆزگىرىشلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. 2017 ـ يىلىدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا، تەتقىقاتچىلار 8 ~ 12 ياش ئارىسىدىكى بالىلارغا قارىتا خاراكتېر سىنىقى ئېلىپ بارغان، ھەمدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ يىل، يەتتە يىل ۋە ئون يىلدىن كېيىن بۇ سىناقنى تەكرارلىغان. بۇ تەتقىقاتقا ئامېرىكالىق پىدائىيلار قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە باشتىن كەچۈرگەن بارلىق بېسىملىرى ۋە ئۇلار دۇچ كەلگەن بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلار خاتىرىلەنگەن.

بۇ تەتقىقات ئاساسلىقى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاجرىشىشى ياكى قاتناش ۋەقەسى دېگەندەك ئىشتىراكچىلارنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىغان مۇشكۈلاتنىڭ دەرىجىسى كۈچەيگەندە، ئۇلارنىڭ نېرۋىسىنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي كۈچىيىدىكەن. بۇ جەريان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدىكەن.

ئەمما، ئىشتىراكچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ياكى قىلمىشىقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوڭۇشسىزلىقلار (مەسىلەن، نامۇۋاپىق قىلمىش سەۋەبىدىن مەكتەپتىن قوغلىنىش دېگەندەك) خاراكتېرگە تېخىمۇ بەك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىكەن. بۇ خىل تەسىرلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نېرۋىسىنىڭ سەزگۈرلۈكى كۈچىيىدۇ، ئەستايىدىللىق ۋە دوستانىلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار «ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزى سادىر قىلغان ناچار قىلمىشلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ بېسىم ئېلىپ كېلىپ، شۇ ئارقىلىق خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ قاراشماقتا. بۇ يەنە ياشلارغا (بولۇپمۇ بېسىم ئاستىدا قالغانلارغا) ھېسسىيات جەھەتتە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ پاسسىپ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنىڭ ناچار ئايلىنىشىنى تىزگىنلەشكە ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمما ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىلا سەلبىي ئەمەس. يەنە بەزى تەتقىقاتلار ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارغا مەركەزلەشكەن. 2013 ـ يىلى، شۋېتسارىيەدە بىر يىلغا سوزۇلغان بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. مەزكۇر تەتقىقاتتا ئېرىشىلگەن پاكىتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاكتىپ «ئۆزىنى تونۇش» تۇيغۇسى (بۇ ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن سەممىمىي مۇئامىلە قىلىشالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىش، تۇرمۇشنى كونترول قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلىش) ھېسسىياتنىڭ تېخىمۇ تۇراقلىق بولۇشى ۋە ئىشلاردا تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇش دېگەندەك ئاكتىپ خاراكتېر تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تەتقىقاتچىلار يەنە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە

ئىپادىلەنگەن ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئاكتىپ خاراكتېرنىڭ يېتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

كىشىنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ياشلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ قولايلىق مۇھىت يارىتىش توغرىسىدا يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئۇسۇل يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن دېرەك بېرەلەيدۇ. 4000 دىن ئارتۇق ئۆسمۈر قاتناشقان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئەستايىدىللىق دەرىجىسى جەھەتتە نەتىجىسى تۆۋەن بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئىشسىز قېلىش نىسبىتى ئەستايىدىللىق دەرىجىسى يۇقىرى بالىلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

بىز ياشلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشىگە كۆچەيمىز. ھالبۇكى، بىز كەم دېگەندە شۇنىڭغا سەرپ قىلغانچىلىك زېھنىمىزنى ئۇلارنىڭ ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم قىلىشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭ قوشكېزەك بالىلىرىم مېنى بۇ ساھەدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە ئۈندىمەكتە.

خىتايچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.bbc.com/ukchina/simp/vert_fut_44762330




مىسلىسىز ئويغىنىش

«شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى»غا رەددىيە

خىيۋر تۆمۈر

# «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»غا رەددىيە

خېۋىر تۆمۈر

بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسىرىدىكى كىرىش سۆزدىن:

«مەن ئاخىرلىشىپ قالغان مۇشۇ ئۆمرۈمدە يەنە داۋاملىق باش قاتۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تىرىشىپ ئەسلىدىم. قەلەم تۇتۇش، رەتلەشكە خەن يېڭشەننى تەكلىپ قىلدىم. پۈتۈن ماقالىنىڭ دەسلەپكى قول يازمىسى پۈتكەندە، جى داچۇەن ئۆزگەرتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. لېكىن خاۋاتىرسىزلىنىدىغىنىم شۇكى، شۇ يىللاردىكى خاتىرىلىرىم ۋە كىتاب - ژۇرنال قاتارلىق ماتېرىياللىرىمدىن بىر مۇنچىسى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مالىماتاڭچىلىقىدا يوقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىم. زېھنىم يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كونكرېت جانلىق ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىشىم ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى. ئەسلىمىدە ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي بولۇشى مۇھىم. كىتابخانلار رازى بولماي قالسا، ئۇ قەلەم تۇتقۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، ۋاقىت جىددىي بولغاچقا، بەزى نەقىللەرنى ئەسلىدىكى كىتابقا سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. بەزى تارىخىي پاكىتلارنى باشقا خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەم تۇتقۇچىلار ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇسلۇبنى بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە كەڭ كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

تارىخىي پاكىتلار جەھەتتىكى خاتالىقلار، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى نۇقسانلار كىتابخانلارنىڭ، خۇسۇسەن شۇ تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە بىلىدىغان كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىشىگە قالدى!»

- بۇرھان شەھىدى، 1983 - يىلى 2 - ئاي

«ئەسلىمە» ماھىيەتلىك تارىخىي ۋەقە ۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى، يەنى زامان، ماكان شارائىتتا ۋەقەلەر قانداق ئۆتكەن بولسا، ئەينەن ئەسلەپ يېزىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا «ئۇ» چىنلىق تۈسىنى ئېلىپ كىتابخانلارنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئوبدان تەسىر قوزغىيالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي چىنلىقتىن چەتنەپ پەردازلىنىپ يېزىلسا، يەنى بۇندىن 50 يىل ئىلگىرىكى ۋەقە، سەرگۈزەشتىلەرگە بۈگۈنكى (80 - يىللاردىكى) كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلەر زورمۇزور سىڭدۈرۈپ يېزىلسا، ياكى 40 - 50 يىل كېيىنكى ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ تۇرغاندەك بېزەپ يېزىلسا، ئۇنداق «ئەسلىمە» ئۆز چىنلىقىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم مۇددىئا بىلەن يېزىلغان سىياسىي ماقالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، كىتابخانلارغا ئوبدان تەسىر بېرەلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى ھەرخىل پىكىر - ئىنكاسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق ئەسلىمە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن (خەنزۇچىسى 1984 - يىلى، ئۇيغۇرچىسى 1986 - يىلى نەشردىن چىقتى) جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئىنكاسلار پەيدا بولدى. بەزىلەر: «ئاپتور ئەسلىمىنى چىنلىق بىلەن يازماپتۇ» دېسە، بەزىلەر، «ھەممىنى ئۆزىگە ئوك كەلتۈرۈپ يېزىپتۇ» دېيىشتى. 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر

نەپەر خەنزۇ زىيالىيسى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق ئەسلىمىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئەسلىمىدە ئاپتور ئۆزىنى كۆرستىشكە جىق كۈچەپ كېتىپتۇ! دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ بۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ كۆرۈپ چىقتىم. نەتىجىدە، كىشىلەر ئېيتقاندەك، «ئەسلىمە»دە يېتەرسىزلىكلەر، نۇقسانلار بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئاپتورنىڭ: «تارىخىي پاكىتلار جەھەتتىكى خاتالىقلار، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى نۇقسانلار كىتابخانلارنىڭ، خۇسۇسەن شۇ تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە بىلىدىغان كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىشىگە قالدى!» دېگەن ھاۋالىسى ماڭا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى ـ دە، ئىلىم يۈزىسىدىن، «ئەسلىمە»دىكى خاتالىق ـ نۇقسانلارنى تۈزىتىش، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۆز پىكرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلماقچى بولدۇم.

باللىق دەۋرىگە ئائىت ئەسلىمە توغرىسىدا

ئاپتور ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىگە ئائىت ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن 1894 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاقسۇدا تۇغۇلدۇم. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئاقسۇ شەھىرى ئەمەس، بەلكى رۇسىيەدىكى قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيەسى تەۋەسىدىكى خىلۋەت بىر كەنت. لېكىن مەنبە جەھەتتىن بۇ ئىككى ئاقسۇنىڭ ئاز ـ تولا مۇناسىۋىتىمۇ بار تېخى!

12 ~ 13 ياشلار ۋاقتىمدا، بوۋام غۇبەيدۇللا مېنى ئۆگزىگە باشلاپ چىقىپ كۈن چىقىش تەرەپنى كۆرستىپ «بىزنىڭ يۇرتىمىز يىراق جايدىكى جۇڭگو دېگەن يەردە، ئۇ يەردە ئاقسۇ دېگەن بىر دەريا بار، ئاقسۇ دېگەن ئەنە شۇ!» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بوۋىسىنىڭ ئېتى پولات ئىكەن. ئۇ بايلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى باستۇرماقچى بولغاندا پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋە كەنتتىكى 20 نەچچە ئائىلىلىك ئاھالىنى باشلاپ رۇسىيەگە قېچىپ كەلگەن ۋە مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. بوۋىسى غۇبەيدۇللا يەنە، ئۆز نەۋرىسىنىڭ ئوقۇپ بىلىملىك ئادەم بولۇشىنى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يۇرتقا قايتىپ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان. بوۋىسى يەنە جىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، بوۋىسى پولات ئىشلەتكەن نەيزىنى تېپىپ چىقىپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى باياندىن ئاپتورنىڭ چوڭ بوۋىسى پولات ئاكا بايلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرغاچقا، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى باستۇرماقچى بولغاندا، 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالىنى باشلاپ شىنجاڭدىن قېچىپ رۇسىيە تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم. تارىخىي شارائىتلاردىن ئېيتقاندا شۇنداق پاكىتنىڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇ 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالىنى چېچىۋەتمەستىن، توپ ھالدا قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيەسىدىكى خىلۋەت بىر كەنتكە ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردا شىنجاڭدىن رۇسىيە تەرەپكە (ئوتتۇرا ئاسىياغا) بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر، تىجارەتچىلەر، مەدىكارلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئانچە كۆپ رەسمىيەتمۇ كەتمەيتتى. تولا ئادەملەر شۇ ئەتراپتا يۈرۈپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، ياركەنت، توقماق. . . دېگەندەك شەھەرلەرگە ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزا ـ بازارلارغا ئۆزلۈكىدىن ئورۇنلىشىپ كېتەتتى. ئۇنداق كىشىلەر يەرلىشىپ تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە. ئەجەبا پولات ئاكا باشلاپ چىققان 20 نەچچە ئۆيلۈك ئادەمنى رۇس ئەمەلدارلىرى نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر ئىچكى رايونغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغاندۇ؟. بۇ نۇقتا كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر خىل سۇئىيلىك بارمىكىن دەيدىغان گۇمان قوزغايدۇ. گەپتىن گەپ، مەسىلىدىن مەسىلە تۇغۇلدى دېگەندەك، بۇ نۇقتىدا يەنە بىر مەسىلە تۇغۇلۇپ گۇمانىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىچە يورۇتۇپ ئۆتىمىز.

ئاپتورنىڭ چوڭ بوۋىسى پولات يولدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ بالىلىرى بېرىپ قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيەسىدىكى خىلۋەت يېزا ئاقسۇغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «غۇبەيدۇللا»، «ئەتەيتۇللا» ئىسىملىك بالىلىرى دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ بالىلار دەل شۇ پولات ئاكىنىڭ 3 ـ ئەۋلادى (نەۋرىسى). ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىغا قارىغاندا پولات ئاكىنىڭ بالىلىرى ئاقسۇغا ئورۇنلىشىپ، بەش ـ ئون يىلغا ياكى ئون ـ يىگىرمە يىلغا يەتمەيلا تاتارلارغا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ مۇمكىنمۇ؟ تىل سىستېمىسى، دىنى ئېتىقادى ئوخشاش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ ئۆزلىشىپ كېتىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، پولات ئاكىنىڭ بالىلىرى قازان ئۆلكىسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ ئون ـ يىگىرمە يىلغا بارمايلا، بالىسىغا «ئەبەيدۇللا» ئەمەس، «غۇبەيدۇللا» دەپ ئەزان قىچقىرىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئارىلىق بەك قىسقا بولۇپ قالماسمۇ! شۇنىڭدەك، قازان ۋە ئۆزبېكىستان تەرەپلەردىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىشىپ قالغان تاتار، ئۆزبېكلەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەلگىنىگە بىرەر ئەسىر بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مىللىي سۈپىتى بۇزۇلغىنى يوق، تېخىچە تاتارچە، ئۆزبېكچە سۆزلىشىپ يۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى جانلىق مىساللاردىن قارىغاندا، تىل سىستېمىسى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كېتىشى ئانچە ئاسان مەسىلە بولمىسا كېرەك. ئەپسۇسكى، پولات ئاكىنىڭ نەۋرىلىرى ئون ـ يىگىرمە يىلغا يەتمەيلا «غۇبەيدۇللا»، «ئەتەيتۇللا» بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولماي نېمە! دېمەك ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بەرگەن باياناتى قارىتا قايىل بولمايلا قالماستىن، بەلكى قانداقتۇر غەرەز يوشۇرۇنغانمىكىن دەپ گۇمان قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى مانا شۇ يەردە!

ئاپتور مۇشۇ پولات دېگەن كىشىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور 1913 ـ يىلى قازاندىن شىنجاڭغا كەلگەندە، رەڭگىرويى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ 99 پىرسەنتلىك ساپ ئالتۇندەك تولۇق بىر تاتار زىيالىيسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، كىشىنى ھېچقانداق باشقىچە قاراشلارغا ۋە گۇمانلىق خىياللارغا كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن ئاپتور 1947 ـ يىللارغا كەلگەندە «بىردىنلا بوۋىسى غۇبەيدۇللا»نىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ ـ دە، ئاقسۇ قۇمباش رايونىنى بىر قۇر زىيارەت قىلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئاقسۇ قۇمباشلىق ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان پولات بوۋىسىدىن باشلانغان ئائىلە نەسەب تارىخىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ نەسەب شەجەرىسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت جامائەتچىلىكىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلغانىدى. ئەجەبا 1913 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە بولغان 30 نەچچە يىل ئارىلىقىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاقسۇ قۇمباشلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىرەر كىشىگە سۆزلىمەي كەلگەن ياكى ئاقسۇدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدىمىگەن ۋە ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزمىگەن ئاپتور نېمىشقا بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ شىنجاڭ جامائەتچىلىكى خېلى ئۇزۇن غۇلغۇلا قىلىشىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى شۇ يىللاردىلا تاپقانىدى. ئەسلىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ كىشىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس قىلماقچى بولغان ئىكەن، «مىللەت» شەرتى توغرا كەلمەپتۇ. گومىنداڭ ئاساسىي قانۇنىدا شىنجاڭغا رەئىس بولغۇچىنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر بولۇشى شەرت ئىكەن. شۇڭا ئاپتور نەسەب سۈرۈشتۈرۈپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاقسۇ قۇمباشلىق ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققانىكەن.

### ئوقۇش تارىخى توغرىسىدا

بۇ ھەقتە ئاپتور مۇنداق يازىدۇ: «بوۋام غۇبەيدۇللانىڭ ھاۋالىسى بىلەن چوڭ ئاتام ئەتەيتۇللاغا ساماۋار قايىنتىپ بەرگەچ ئەرەبچە ۋە قۇرئان ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ يىلى كۈزدە بوۋام قازا تاپتى. ئاتام ئوقۇش دېگەن نېمىگە ئەسقاتىدۇ. ئۆيگە قايتىپ ئىش قىلغانىغا يەتمەيدۇ دەيتتى».

كېيىنكى باسقۇچلۇق ئوقۇش تارىخىمۇ ئاددىي بايان قىلىنغان. مەسىلەن: «قازانغا باردىم. تاغام مېنى «مۇھەممەدىيە» مەكتىپىگە مەردلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. . . مەكتەپتە مەن يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ ماڭا دائىم ماقالە كۆچۈرگۈزەتتى. كېيىن ئۇنىڭ گېپى بىلەن ساۋاقداشىم بەيازىت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 30 نەچچە ئوقۇغۇچىنى دەرس تاشلاشقا ئۇيۇشتۇردۇق. شۇ سەۋەبتىن بەيازىت بىلەن ئىككىمىز مەكتەپ تەرىپىدىن بىر كۈن نەزەربەندكە ئېلىندۇق. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ھاياجانغا كەلگەنلىك سىرتىدا ئازراق غۇرۇرۇممۇ ئاشتى».

«تاغامنىڭ ھال ئوقىتى ياخشى بولمىغاچقا، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي تاغامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە <مائارىپ> دېگەن بىر كىتابخانىغا شاگىرتلىققا كىرىپ ئىككى يېرىم يىل ئىشلىدىم. بۇ يەردە خىزمەت ئېغىر، ئىش ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ بىر مۇنچە كىتاب ئوقۇدۇم. رۇسچىنى ئەنە شۇ چاغدا ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىدىم. «يېۋگېنى ئونېگىن»، «ئاننا كارېننا» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنىمۇ ئاشۇ چاغلاردا ئوقۇغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بوغالتىرلىق بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەندىم. بۇلار مېنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىمدە تولىمۇ ئەسقاتتى. . . كېيىن ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشى بىلەن 1912 ـ يىلى 9 ـ ئايلاردا (18يېشىمدا) شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىدە تيەنشىڭ سودا فىرمىسىدا ئىشلىدىم!».

يۇقىرىقى بايانلار ئاپتورنىڭ پۇتكۈل ئوقۇش تارىخى بولۇپ، 12 ـ 13يېشىدا (1906 ـ 1907 ـ يىللىرىدا) بوۋىسى غۇبەيدۇللادىن ئوقۇپ بىلىملىك ئادەم بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەرەبچە ۋە قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغان ئاپتور 1908 ـ يىلى قازانغا بېرىپ «مۇھەممەدىيە» مەكتىپىگە كىرىپ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەكتەپ ئىچىدە ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنىمۇ قىلغان، بۇ پەقەت 13 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار. . . ئۇنىڭدىن كېيىن «مائارىپ» كىتابخانىسىدا ئىككى يېرىم يىل شاگىرت بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا رۇسچە بىلەن بوغالتىرلىق ئىلمىنى ئۆگىنىپ بولغان.

ئوقۇش تارىخىدىكى قىسقا جەريان بىلەن بۇ ئاددىي بايان، ئاپتورنىڭ پۈتكۈل سالاھىيىتىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمىسە كېرەك. چۈنكى ئاپتور ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەس، بەلكى خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىختىساسلىق ۋە ئىقتىدارلىق سىياسىيون بولۇپ، ئۆمرىدە رۇسچە، خەنزۇچە، نېمىسچە قاتارلىق بىر قانچە تىلنى ئىگىلەپ، سىياسىي ۋە ئىلمى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مەشھۇر ئەربابتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدا بايان قىلغانىدەك ئاددىي ئوقۇش تارىخىي كىتابخانىلارنى قايىل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. ئاپتور ھېچبولمىغاندا خەنزۇچە ئوقۇش تارىخى بىلەن نېمىسچە ئوقۇش تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بولسىمۇ چۈشەنچە بېرىشى لازىم ئىدى. ئەپسۇس، ئاپتور ئۇنداق قىلمىغان.

ياش زېڭشىن دەۋرىدىكى بەزى سەكرەتمە بايانلار توغرىسىدا

ئۈرۈمچىدە شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى «تيەنشىڭ فىرمىسى» دا دۇكان خىزمىتى قىلىۋاتقان ئاپتور 1921 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككى قېتىم چۆچەككە بېرىپ تاموژنا ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ كېلىش بىلەن، بىردىنلا دۇكان خىزمەتچىلىكىدىن سىرت، قوشۇمچە ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئارقىدىنلا ئىككى مىڭ يىلقىسى بار فىرمىنى باشقۇرىدىغان ھەيئەت، تاشيول ـ قاتناش ئىدارىسىگە ھەيئەت، قوشۇمچە شوپۇرلۇق مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار شۇ يىللاردىكى تارىخىي ئەمەلىيەت. لېكىن، ئاپتور قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇقتا، گومانخورلۇقتا ئۈچىغا چىققان ياڭ زېڭشىندەك بىرىنىڭ شۇنچە زور ئىشەنچىنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟ دېگەن مەسىلە كىشىنى ئويلاندۇرماي

قالمايدۇ. ئەمما، ئاپتور بۇ ھەقتە «ياڭ زېڭشىن مېنىڭ پاك ئادەم ئىكەنلىكىمگە قاراپ ئىشەندى» دېيىش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

بۇ يەردە ئاپتورنىڭ مەسىلىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەجەبا، رۇسىيە ـ جۇڭگو داۋشىن بانكىسىنىڭ تەرجىمانى فەن زۇخۇئەن ئارقىلىق مالىيە نازىرى فەن جىنغا، نازىر ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنغا تونۇشتۇرۇلغان ئاپتور يالغۇز ئۆزىنىڭ پاكلىقى سەۋەبلىكلا شۇ قەدەر زور ئىشەنچىگە ئىگە بولغانمىدۇ؟! بۇ ئارىلىقتا تەرجىمان فەن زۇخۇئەن بىلەن تونۇشۇش، «ياخشى» تەسىر پەيدا قىلىش، ئاندىن نازىرنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولۇش، ئەڭ ئاخىرىدا ياڭ زېڭشىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش جەريانلىرىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە، دىتىغا ياقىدىغان ھېچقانداق ئىش ۋە «مۇناسىپ» ۋاستىلەر قوللىنىلمىغانمىدۇ؟

ئاپتورنىڭ شۇ يىللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى يورۇتۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆرۈپ چىقايلى.

ئاپتور كىتابىنىڭ 226 ~ 227 ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭ (ياڭ زېڭشىنىڭ) ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەسى ياخشى بولسىمۇ، مەن شىنجاڭدىكى زۇلمەتچىلىكنى تۈگىتىش كېرەك دەپ ھېسابلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن 1922 ـ يىلى مەن ئاغىنەم مىرزاجان بىلەن بىللە <يېڭى ھايات> ژۇرنىلىنى مەخپىي چىقاردىم».

227 ـ بەتتە: «شۇ چاغدا مەن تېخى تاھىر بەگ، مەخسۇت (مۇھىتى)، كېرەمخان دېگەنگە ئوخشاش يېقىن ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە مەخپىي گورۇپپا قۇردۇم، مېنى گورۇپپا باشلىقى قىلىشتى. بۇ گورۇپپا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا فەن ياۋنەننىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىنى ھىمايە قىلاتتى. . . ».

شۇنىڭدەك ئاپتور ئۆز كىتابىدا، فەن ياۋنەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يېقىن ھەم ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئىدىيەۋى كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆپ يەردە تەكرارلىغاندىن تاشقىرى، فەن ياۋنەن گەرچە ئاپتورغا ياڭ زېڭشىنغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئاپتور، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھامان شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتىم، دەپ ئىزاھلايدۇ. شۇنداقلا، شۇ يىللىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شۇ بىڭچەن دېگەن كىشى بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن، ئۇ كىشى ئارقىلىق فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئىدىيەسى بارلىقىنى ئاڭلىغاندىم، دەپ يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى: دۇكان خىزمەتچىلىكىدىن ئەمدىلا ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئاپتور بىرىنچىدىن شىنجاڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىنغا يېقىن ھەم ئىشەنچلىك بولۇش؛ ئىككىنچىدىن ياڭ زېڭشىنغا قارشى گۇرۇھ باشلىقى فەن ياۋنەن بىلەنمۇ ئىناق ھەم يېقىن بولۇپ ئۇنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ھىمايە قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، يېقىن ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا گورۇپپا ياكى تەشكىلات قۇرۇپ شىنجاڭدىكى زۇلمەتچىلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق ئۈچ خىل پائالىيەتتە تەڭلا رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەقسىتى بار ئاپتورنىڭ مۇناسىۋەت جەھەتتە ھەممىلا تەرەپ، ھەممىلا ئادەم بىلەن كېلىشىپ ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئۆتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن گەرچە ئاپتورنىڭ «پاك» ئادەم ئىكەنلىكىگە قاراپ زور ئىشەنچ قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ ياڭ زېڭشىنغا نىسبەتەن «پاك» ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟!

### مەخپىي گورۇپپا ـ تەشكىلات قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

ئاپتور ئەسلىمىسىنىڭ 227 ـ بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «شۇ چاغدا مەن تېخى تاھىر بەگ، مەخسۇت (مۇھىتى)، كېرەمخان دېگەنگە ئوخشاش يېقىن ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە مەخپىي گۇرۇپپا قۇردۇم. مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىشتى. كېيىن بۇ گۇرۇپپىغا شارىپقان، سىگىلمىنىڭ يولدىشى ھەيدەر قاتناشتى. بىز فەن ياۋەننىڭ تەشەببۇسلىرىنى ھىمايە قىلالايتتۇق».

307 ـ بەتتە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «1922 ـ يىلى 8 ـ ئايدىلا بىز بىر قانچە ئىلغار ئۇيغۇر ياشلىرى ئىستىخىيەلىك تۈردە بىر مەخپىي تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشقانىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە لۈكچۈنلۈك تاھىر بەگ، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايۇپ (بەگ) لار بار ئىدى. بىزنىڭ ئۇ چاغدا ئېدىيەمىز مىللىي دېموكرات ئىنقىلاب كاتېگورىيەسى بىلەنلا چەكلەنگەچكە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇراتتۇق. كېيىن تۇرپانلىق ياشلاردىن مەخسۇت (مۇھىتى)، يۇنۇسبەگ، ھەيدەر، ئالتايلىق قازاق ياشلاردىن شارىپقانلارمۇ قاتناشتى. بىز پانتۇركىستلەرگە ئوخشىمايتتۇق. شىنجاڭدا قانداقتۇر بىر <مۇستەقىل دۆلەت> قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتۇق. . . .».

دېمەك 227 ـ بەتتە يېزىلغان «يېقىن ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە مەخپىي گۇرۇپپا قۇردۇم، مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىشتى. . . .» بىلەن 307 ـ بەتتە يېزىلغان «بىز بىر قانچە ئىلغار ئۇيغۇر ياشلىرى ئىستىخىيەلىك تۈردە بىر مەخپىي تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشقانىدۇق. . . .» دېگىنى، يەنى ئېيتىلىشتا «مەخپىي گۇرۇپپا قۇردۇم» بىلەن «ئىستىخىيەلىك تۈردە بىر مەخپىي تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشقانىدۇق» دەپ ئىككى مىجازدا ئېيتىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر گەپ بولۇپ ھەر ئىككىسى 1922 ـ يىلىدىكى ئىشلاردۇر.

«ئۇنداق دېسىمۇ ماقۇل، مۇنداق دېسىمۇ ماقۇل»، دېگەندەك، ئاپتور بىر مەسىلىنى ئىككى سەھىپىدە، ئىككى خىل تەلەپپۇزدا يازغان بولسىمۇ، ماقۇل دەپ تۇرۇپ، مەسىلىسنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا كىرىشەيلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن سالاھىيەت تەكشۈرۈش كېرەك:

## 1. تاھىر بەگ كىم؟

تاھىر بەگ لۈكچۈن ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، خەنزۇچە مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئوچۇق پىكىرلىك زىيالىي ئىدى. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ بېرىپ، رەئىس جۇمھۇرلۇققا سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنى سايلاپ چىققان. ھەمدە سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئالاھىدە تەكلىپ بېرىپ، رەئىس جۇمھۇرنىڭ يولىيورۇقى ۋە تەستىقنامىسىنى ئېلىپ كەلگەن. شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن ۋەكىللىك سالاھىيىتى بويىچە خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مەرىپەت ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قابىلىيەتلىك ۋە خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك جامائەت ئەربابىدۇر.

## 2. مەخسۇت مۇھىتى كىم؟

مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانىلىق بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا تۆت بىر تۇغقان دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى راۋاج تاپقان تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن ئىدى. ئۇ 1912 ـ يىلى تۇنجى قېتىمدا تاتارىستاننىڭ مەركىزى قازاندىن ھەيدەر سايرانى ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ چىقىپ، تۇرپان ئاستانىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقان؛ 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە مەرىپەتنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇھەببۇل ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستەي، ئېلى مۇئەللىم قاتارلىق يەنە ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچى

تەكلىپ قىلىپ تۇرپان، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە ئۆز خىراجىتى بىلەن «مەخسۇدىيە» نامىدا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مائارىپقا ئۆچمەس ھەسسە قوشقان يارقىن مەرىپەتچى، شۇنداقلا تىجارەتتە چوڭ شىركەت (فىرما) قۇرۇپ ئۇرۇمچىدىكى رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلەشكەن يەرلىك بايلاردىن ئىدى.

يۇقىرىقى ئىككى كىشىنىڭ سالاھىيىتىدىن قارىغاندا ئىلغارلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىنايەت ـ ئابرۇي جەھەتلەردە ئۇلار ئاپتوردىن بالدۇر ھەم يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، ياش ـ قورام جەھەتتىمۇ ئاپتوردىن خېلى چوڭ. ئاپتور تېخى شىنجاڭغا كەلمەستىن بۇرۇنلا ئۇ كىشىلەر تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىنى تاپقان دېسەكمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەجەبا 1922 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ كىشىلەر قانداق قىلىپ تېيەنشاڭ فىرمىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى قۇرغان گورۇپپىغا ئەزا بولۇپ، ئۇنى گورۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدىغان بولۇپ قالغاندۇ! بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟!

شۇنىڭدەك ياش قورامى جەھەتتىمۇ، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن تاھىر بەگلەر شۇ يىللىرى قىرىقتىن ئاشقان چوڭ كىشىلەر بولسا، ئاپتور تېخى يېشى ئوتتۇزغا توشمىغان بىر ياش ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاپتور ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ كىشىلەرنى «يېقىن ئاغىنىلىرىم» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر ـ ئىككى ياش پەرقلىنىدىغان تەڭ قۇرداش كىشىلەرلا بىر ـ بىرىنى «ئاغىنەم» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. دېمەك، ياش پەرقىنىڭ بۇ قەدەر چوڭ بولۇشىدىن قارىغاندىمۇ ئاپتورنىڭ ئۇلارنى «ئاغىنىلىرىم» دەپ ئاتىشى كىشىنى يەنە بىر قېتىم ئەجەبلەندۇرمەي قالمايدۇ.

خۇلاسە، سالاھىيەت مەسىلىسى بىلەن ياش پەرقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم بىلەن بىر مەخپىي گورۇپپا قۇردۇم ياكى تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتۇق دېگەنلىرى كىشىنى ئانچە قايىل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى گۇمانلاندۇرىدۇ!

بىز بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

ئاپتور ئۆزى قۇردۇم دېگەن گورۇپپا ياكى تەشكىلاتنى، فەن ياۋزېنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى قوللىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى تەشكىلات دەپ سۆيلەيدۇ. ئەمما، بۇ تەشكىلات فەن ياۋزېنى قوللاش يۈزىسىدىن قانداق ۋە قانچىلىك ئىش قىلدى؟ بۇ ھەقتە ئاپتور باشتا ئېيتقان بىر جۈملە سۆزدىن باشقا ھېچقانداق ئۈچۈر بەرمەيدۇ. فەن ياۋزېن تاكى 1928 ـ يىلىغا كەلگەندىلا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولۇپ ياڭ زېڭشىنىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئاپتور ئۆز كىتابىنىڭ 241 ـ بېتىدە: «فەن ياۋزېنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قۇۋۋەتلىگەن بولسامۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى راستىنلا بىلمەيتتىم» دەپلا چەتكە چىقىپ كېتىدۇ. خالاس!

مۇشۇ ئەھۋاللار ئاپتور قۇردۇم دېگەن گورۇپپا ياكى تەشكىلات ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت نەرسىمۇ ياكى مەۋجۇت ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە كىشىنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئاپتور ئۆزى قۇردۇم دېگەن گورۇپپا ياكى تەشكىلاتنى 30 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئالاقىدار قىلىپ كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، 33 ـ يىلىدىكى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى تەشكىللەپ قوزغىغۇچى يادرو سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يەنە مۇنداق يازىدۇ:

«قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن مەخسۇت (مۇھىتى) چەتئەلدە بولغاچقا، ھەيدەر (ئاپتور 1929 ـ يىلى چەتئەلگە چىقماقچى بولغاندا ئۆز ئورنىغا ھەيدەرنى گورۇپپا باشلىقى قىلىپ كەتكەن ئىكەن. . . ) كۆپچىلىك بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ، بۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ ھېسابلاپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1932 ـ يىلى مەخسۇت (مۇھىتى) چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن يۇرتى تۇرپان سىڭگىمگە (ئەسلىدە ئاستانىگە دەپ يېزىلسا توغرا بولاتتى) بېرىپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ» (310 ـ بەت)

ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، چەتئەلدە يۈرگەن ئاپتورنىڭ ۋەكىلى ھەيدەر ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى كۆرگەنمىش. مەخسۇت مۇھىتى چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن ھەيدەرنىڭ تەييارلىقى ئاساسىدا سىڭگىمدىكى دېھقانلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمىش. . .

ئۇنداقتا، بىز بۇ ھەقتىكى پاكىتلارغا قاراپ باقايلى:

مەخسۇت مۇھىتى 1932 ـ يىلى موسكۋادا «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىدۇ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشۈپ، يۇنۇسبەگ، تاھىر بەگ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق 14 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ تۇرپان ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ.

مانا بۇ ئەمەلىي تارىخىي پاكىت، خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە يېزىلغان قانچە ئون تارىخ ۋە ئەسلىمىلەردە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بۇ پاكىت ئاپتورنىڭ كىتابىدا: مەخسۇت (مۇھىتى) چەتئەلدىن كېلىپ، ۋاكالىتەن تەشكىلات باشلىقى بولۇپ ئىش بېجىرىۋاتقان ھەيدەرنىڭ كۆرگەن تەييارلىقى ئاساسىدا تۇرپاندىكى سىڭگىمگە بېرىپ دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىدى، دېگەن تەرزدە يېزىلغانلىقى كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ!

شۇنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇكى، ئەگەر ئاپتور 22 ـ يىللاردىلا ئۆزۈم قۇردۇم دېگەن گۇرۇپپا ياكى تەشكىلاتقا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ سايلانغان ۋە بۇ سالاھىيىتىنى 1932 ـ يىللارغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسا، شۇنىڭدەك ئاپتور شۇ يىللىرى ئۆزى چەتئەلدە (رۇسىيە، گېرمانىيەدە جىن شۇرېن ئۈچۈن ئىش بېجىرىۋاتاتتى) بولسىمۇ، ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان ئىش بېجىرگۈچى ھەيدەر ئارقىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆرگەن بولسا، ئەجەبا مەخسۇت مۇھىتى چەتئەلدىن قايتىپ تۇرپانغا كېلىپ 14 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغان چاغدا، نېمە ئۈچۈن ئاپتور بىلەن ھەيدەرنىڭ ئىسمىنى تەشكىلات تىزىملىكىگە كىرگۈزمەيدۇ؟!

بىز يەنە كىتابنىڭ 323 ـ سەھىپىسىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلارغىمۇ نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

«بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزايىمىز مەخسۇت قۇربان بولۇپ كەتتى. تاھىر بەگدىن خەۋەر يوق. كېرەم چوڭ ھاجى قەشقەردە. ئۇلار ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ كۈچلىرىنى قانداق تەشكىللەۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقا قارشى بىرلىكسەپ تەشكىل قىلالىسىغۇ بەك ئوبدان بولاتتى. جاھانگىرلىكنىڭ بىزنى مۇستەقىل مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. بىز بۆلگۈنچىلىك قىلماي، جۇڭگو بايرىقى ئاستىدا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ پرىنسىپال مەسىلىنى دوستلىرىمغا بۇرۇنلا دېگەن. ئۇلارمۇ قوشۇلغان. چوقۇم مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. لېكىن مەخسۇتنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشى خىزمىتىمىزگە ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈردى. ئابدۇخالىق مىجىتمۇ (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر) تۇرپاندا تىز پۈكمەستىن قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى. . . قەيەرلەردە يۈرىدىكىن. . . شارىپقان ئالتايغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قورالىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىشىنىمەن! . .

يۇقىرىقى قۇرلارنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋاقىتلارنى ئالدىن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1. ئاپتور 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چەتئەلدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەنە چەتئەلگە خىزمەتكە ماڭغان؛

2. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇرپان شەھرىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان؛

3. مەخسۇت مۇھىتى قومۇلدىن خوجىنىياز ھاجىنى تەكلىپ قىلىپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (10 ـ زۇلھەججە) خاندوغا كەلگەن.

ئەمدى بىز ئاپتورنىڭ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يازغان خاتىرىسىدىن «بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزايىمىز مەخسۇت (مۇھىتى) قۇربان بولۇپ كەتتى. . . » دەپ باشلانغان ئابزاسنى ئوقۇغىنىمىزدا، تېخى قوزغىلاڭ قاينىمىدا ھايات يۈرگەن مەخسۇت مۇھىتى قانداق قىلىپ ئاپتورنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسىگە «قۇربان بولۇپ كەتتى. . . » دەپ يېزىلىپ قالغاندۇ؟! دەيدىغان ئەجەبلىنەرلىك بىر سوئالنى كاللىمىزغا كەلتۈرمەي تۇرالمايمىز!

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يازغان خاتىرەم دېگىنى ئەينى ۋاقىتتا يېزىلغان خاتىرە ئەمەس، بەلكى كېيىنكى كۈنلەردە، يەنى ئاپتور زامان ـ ماكانىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئېسىگە ئالالماس بولۇپ قالغان چاغلاردا ئاتايىن يېزىلغان. (ئەمما بىز 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە قەدەر، ئۈرۈمچىدىن ـ چۆچەك ئارىلىقىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى يازغان خاتىرىسىدىن ئانچە گۇمان قىلمايمىز ـ ئەلۋەتتە. )

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان ئىشلىرىنى بېجىرىشتە مۇھىم خىزمەتكە كېتىۋاتقان ئاپتورنىڭ ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۆز خاتىرىسىگە تۇرپان قوزغىلىڭىغا ئۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئومۇمىي نىشانى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىز يازمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن ئاپتور ئېھتىياتچان ئادەم. ئىككىنچىدىن، ئاپتور شۇ يىللاردا ئاساسەن جىن شۇرېنغا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر خادىم. بولۇپمۇ جىن شۇرېننىڭ چەتئەلدىكى نازۇك ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى بىر خادىم. ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى تەرەپتە تۇرۇپ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سالاھىيىتىنى ئۇنداق ئاسانلا ئاشكارىلاپ خاتىرىسىگە يېزىپ قويىماسلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

27 ـ چېسلادىكى خاتىرىنىڭ ئاخىرىدا (324 ـ بەتتە) ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «مەن ھەيدەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ئىلاجى بار مېنىڭ نامىمدا خەت يېزىپ تاھىر بەگ، كېرەم چوڭ ھاجى، يۇنۇسبەگلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرۈشنى، مەھمۇت (مۇھىتى) بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ بېقىشنى ئېيتتىم. مەھمۇت بىز بىلەن بىر پىكىردە ئەمەس، لېكىن بىز خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشىمىز كېرەك».

يۇقىرىقى مەزمۇندىن قارىغاندا ئەتە ماڭىمەن دېگەن ئاخشىمى ئاپتور كۆيئوغلى ھەيدەرگە شۇ سۆزلەرنى قىلغاندەك تۇرىدۇ. ئېھتىمال، بەلكى شۇنداق دېيىشكەندۇ! ئەمما خەت يازىدىغان كىشىلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى ھەيدەر بىلەمدىغاندۇ؟ ئەسلىمىسىنىڭ باش قىسمىدا «شۇ كىشىلەر نەدە يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ قايغۇرغان ئاپتور بىلەمدىغاندۇ؟ مېنىڭچە ئۈرۈمچىدە مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاپتور ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى ئانچە بىلمىسە كېرەك. تارىختىن

مەلۇمكى، بۇ چاغدا، مەخسۇت مۇھىتى قۇمۇلغا خوجىنىياز ھاجىنى باشلاپ كېلىشكە كەتكەن بولۇپ، تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. تاھىربەگ ماجوڭيىڭنى 2 ـ قېتىم تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن قارا شەھەردىن سۈجۇغا كەتكەن، يۇنۇسبەگ بولسا جەنۇبقا مېڭىپ ئاقسۇدا تۆمۈر سىجاڭغا يېتىشىپ پىدائىيلار سېپىگە قوشۇلۇپ، ئاقسۇ ۋە تۇمشۇقتا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىۋاتقانىدى. مەھمۇت مۇھىتى بولسا قارا شەھەردە ئىككى مىڭغا يېقىن پىدائىي قوشۇنلارنى رەتكە سېلىپ تۇرپانغا قايتا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى.

دېمەك، ھەيدەر ئاپتورنىڭ نامىدا مانا شۇ كىشىلەرگە خەت يېزىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇلارغا نېمە مەزمۇندا خەت يازىدۇ؟. ئىنقىلاب دولقۇنلىرىدا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ئىنقىلاب توغرىسىدا نەسىھەت قىلامدۇ؟!. .

«مەھمۇت (مۇھىتى) بىز بىلەن بىر پىكىردە ئەمەس، لېكىن بىز خىزمەت خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشىمىز كېرەك. . . » دېگىنىگە قارىغاندا، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئاپتورنىڭ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەيۋاتقان قانداق ئېھتىمالى بار؟ مەھمۇت مۇھىتى ئىسسىق ئۆيىنى تاشلاپ، تاغ ـ دالىغا ئاتلىنىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭدىكى زۇلۇمنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىۋاتقانىدى، ئاپتور بولسا، جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن چەتئەلگە كېتىۋاتقانىدى. بۇلارنىڭ بىرلىككە كېلەلمىگەن پىكىر ئېھتىمالى دەل مۇشۇ يەردە دېسەك قانداق بولار؟ بۇنداق دېسەك بەلكى ئاپتور قوبۇل قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئاپتور شۇ كۈندىكى خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغان: «شىنجاڭدىن مۇشۇنداق چىقىپ كېتىشكە خەلق ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل ئىدىم، لېكىن كونسۇلخانىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئويلاپ كۆردۈم. ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، تۇرپانغا بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ زورمۇزور ئۈرۈمچىدە قالدىغان بولسام، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى شۇ ھامان ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىمەن».

يۇقىرىقى مەزمۇندىن ئاپتورنىڭ خەلق ئالدىدا خىجىل بولىدىغان جايلىرى بارلىقىنى، تۇرپانغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭدەك جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1922 ـ يىللاردىلا ئىنقىلابى گۇرۇپپا ياكى تەشكىلات قۇرۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، كېيىنكى كۈنلەردە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ ھەيدەر ئارقىلىق تۇرپان قوزغىلىڭىغا تەييارلىق كۆرگەن ئاپتور 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى دېھقانلار قوزغىلىڭى قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا خەلق قوزغىلىڭىغا ئىشتىراك قىلمايلا قالماستىن، بەلكى خەلق قوزغىلىڭىغا تەتۈر يولغا كېتىۋاتقانلىقىدىن، خەلق ئالدىدا ئەلۋەتتە خىجىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا تەئەججۈپلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن «تۇرپانغا بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس» دېگىنىگە قارىتا بىر ئاز گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا تەكرارلانغان يازما مەزمۇنلاردىن قارىغاندا ئاپتورنىڭ 1933 ـ يىلدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغاپ ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشتەك يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى تۇرپان قوزغىلىڭىغا رەھبەر بولغۇدەك يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ئاپتور تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى راسا قىزىغان پەيتلەردە ئۈرۈمچىدە بار تۇرۇقلۇق (ئاپتور 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەن) نېمە ئۈچۈن تۇرپانغا بېرىپ ئەمەلىي رەھبەرلىك قىلمىغاندۇ؟! تۇرپان يولىنى توسۇلۇپ قالغان دېمەكچى بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق دەيدىغان بولسا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى موسۇل مۇھىتى (تۇرپاندىكى 14 كىشىلىك ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى) شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە ئىدى. بۇ كىشى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن «شى دالىيەن ←

大连> نامدا جالالات قوشۇن تەشكىللەپ جادۇ باسقان 200 هارۋا بىلەن يولغا سالغانلىقنى كۆرگەندە، خەت يېزىپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمۇ بىر كۈن كېيىن ئاتلىق يولغا چىقىپ جالالات قوشۇندىن ئىلگىرى تۇرپانغا يېتىپ بارغان. دېمەك، قوزغىلاڭ قىلمەن دېگەن ئادەمگە تۇرپانغا بېرىش يولى ۋە ئىمكانىيىتى يەنىلا بار ئىدى! ئەجەبا تۇرپان قوزغىلىڭىغا ئۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈپ، چوڭ مەسىلىلەردە غەمخورلۇق قىلىدىغان، قىسقىسى تۇرپان قوزغىلىڭىغا رەھبەر بولغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئاپتور نېمە ئۈچۈن بۇ يولغا ماڭمايدۇ؟ بۇ مەسىلىنى يىغىپ ئېيتقاندا ئاپتورنىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىشىش خىيالى يوق، ئەگەر بولىدىغان بولسا، ھېلىغۇ ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىدە بولسىمۇ، قېچىپ چىقىپ قوزغىلاڭ بولغان تۇرپانغا يېتىپ بارغان بولاتتى. ئەمما ئاپتور ئۇنداق قىلمىدى. بەلكى قوزغىلاڭ شاۋقۇنلىرى، مىلتىق - زەمبىرەك سادالىرى گۈلدۈرلىگەن جەڭگاھلاردىن ئىمكانقەدەر چەتنەپ، جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلماستىن چەتئەل سەپىرىگە يۈرۈپ كەتتى. . . .

كىشنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغىلىپ 3 - يىلىغا قەدەم باسقان، تۇرپاندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ راسا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوقۇغاچ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىن قورال سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىۋاتقان ئاپتور 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگە كەلگەندە بىر ئاخشام خاتىرە يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە (ھەيدەر ئارقىلىق) تەييارلىق كۆرگۈچى ۋە قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغۇچى قىلىپلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى قوزغىلاڭنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ، پرىنسىپال مەسىلىلەردە قاتتىق قايغۇرۇپ، «غەمخورلۇق» قىلىشى، يىغىپ ئېيتقاندا ئەمەلىي ھەرىكەتسىزلا، خاتىرە يېزىش ئارقىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى بولۇۋالغانلىقى كىشىنى قانداقمۇ ھەيران قالدۇرمىسۇن؟!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## خاتىمە

ئىلگىرىكى سانلاردا ھەدىس شەرىفلەرنىڭ ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ قانچىلىك زور تىرىشچانلىقى ئارقىلىق زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھەدىس ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ھەر خىل شۈبھىلەردىن قوغداش ئۈچۈن، ساناقسىز ئالىملارنىڭ بىر ئۆمۈر قان - تەر تۆككەنلىكى توغرىسىدا توختالغاندۇق. ئۇنداقتا پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىن ھازىرغىچە ھەدىس شەرىفلەرنى ئىنكار قىلىدىغان قانداق پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىغا چىققان؟ بىرىتانىيەنى ئاساس قىلغان مۇستەملىكە كۈچلىرى بۇ ئېقىملاردىن قانداق پايدىلانغان؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟ بىز ئۇيغۇرلار بۇنداق بىدئەتچى ئېقىملاردىن ۋە ئازغۇن كۆز قاراشلاردىن قانداق ساقلىنىمىز؟ ھەدىسلەر ھەققىدىكى بايانلارنىڭ خاتىمىسىدە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ، مەزكۇر زور ھەجىملىك ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قانۇن چىقىرىش مەنبەلىرى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىسكە قارىتا گۇمان ۋە شۈبھىلەرنى قوزغاش، بولۇپمۇ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش تارىختىن بۇيان پات - پات كۆرۈلۈۋاتقان ھادىسە بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ خىل ئېقىملارنىڭ پېشۋالىرى ئۆزلىرىنى ئاددىي ئاۋامغا «مۇتەپەككۇر»، «ئىسلاھاتچى» ياكى «يېڭىلىققا يېتەكلىگۈچى» قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا. شۇڭلاشقا بۇ ماقالىنىڭ خاتىمە قىسمىدا ئالىلكىملەرنى چىشلەپ تارتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ توغرا ۋە ساغلام ئېتىقادىنى قوغدىيالىشى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم شەرئىي دەلىل مەنبەلىرىدىن بولغان ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كونا ۋە زامانىۋى شەك - شۈبھىچىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز :

### 1. قەدىمكى زاماندىكى ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە بىدئەتچى مەزھەپلەر :

#### 1. مۇئتەزىلە مەزھىپى :

مۇئتەزىلە مەزھىپى ئازغۇن ئەقىدە مەزھىپى بولۇپ، ئۇمەييەلەر (661 ـ 750) دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا (ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) ئىراقتىكى بەسرە شەھىرىدە پەيدا بولۇپ، ئاbbاسىيلار(750 ـ 1258م) دەۋرىدە گۈللەنگەن، شۇنداقلا دىنىي ۋە سىياسىي ساھەلەردە ئاساسلىق رول ئوينىغان. ئۇلاردا ئەقلىچىلىك خاھىشى چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەقىلگە تايىنىپ، «ئەقىل ۋە چۈشەنچە»نى «نەقىل (قۇرئان ـ سۈننەت) ۋە ئىمان»دىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويغان. شۇنداقلا، ئۇلار ئىماندىن بۇرۇن چوقۇم چۈشىنىش كېرەك دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرغان. يەنى، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپىدە ئىمان (مۆئمىنۇن سۈرىسىدىكىگە ئوخشاش ھامىلىنىڭ يېتىلىش باسقۇچلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مۆجىزىۋى ئايەتلەرگە ۋە قۇرئاندا خەۋەر قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدە يۈز بەرگەن ئاينىڭ يېرىلىشىغا ئوخشاش تۈرلۈك مۆجىزىلەرگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ــ ۋاقتىنچە ئەقلىدىن ئۆتمىگەن تەقدىردىمۇ ــ بىر پۈتۈن) ئىشىنىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقسا، ئۇلاردا چۈشىنىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئۆز ئەقلىگە توغرا كەلمىگەن ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ ۋە پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كەلگەن «شەرىئەت» بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنى ئەقىل بىلەن تونۇشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرغان.

ئەگەر تېكىست (ئايەت ۋە ھەدىس) ئۇلارنىڭ ئەقلىگە زىت كېلىپ قالسا، ئۇلار ئەقلىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەقىل ئاساس، نەقىل قوشۇمچە. ئۇلارچە بولغاندا قوشۇمچە نەرسە ئەسلىدىن ۋە يىلتىزىدىن ئۇستۇن تۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇلار «گۈزەللىك (ياخشىلىق ۋە ياخشى ئىشلار)» ۋە « قەبىھلىك (يامانلىق ۋە يامان ئىشلار)» نى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ئەقىل بولۇشى كېرەك؛ شۇنداقلا پەقەت ئەقىللا بارچە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توسقۇچى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ئۇلارنى ئەقىل ئىشلىتىشكە زىيادە كۆچەپلا قالماي، ئەقلىنى «نەقىل (شەرىئەت مەنبەلىرى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەت)» نىڭ ئورنىغا قويۇۋالدى، دەپ تەنقىدلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار «ئەقلىنى نەقلىنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» مەزھىپى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى، مۇئتەزىلە مەزھىپىدە ئەقىل ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى، نەقىل بولسا 2 ـ ئورۇندىكى قوشۇمچە ئامىلدۇر. بىراق توغرا ئېتىقادتىكى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپىدە بولسا، نەقىل ۋە ئىشىنىش ئاساس، ئەقىل ۋە چۈشىنىش ئۇنى بىلىش ۋە تەتبىقلاش جەريانىدىكى مۇھىم بىر ۋاستە دەپ قارىلىدۇ.

كېيىنچە مۇئتەزىلىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى خۇددى ئاپپاق خوجىدەك ھاكىمىيەتتىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم مەخلۇق» دېگەن ئازغۇن، باتىل ئېتىقادنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پىتنە قوزغىدى، ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى بىلەن نۇرغۇن ئالىملارنى يوقىتىپ، ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇزىنى پائال كۈچەيتتى. خەلىپىلەرنى كۆشكۈرتۈپ، ھەر تۈرلۈك بەتناملار ئارقىلىق رەببانى ئالىم ـ ئۆلىمالارغا زىيانكەشلىك قىلىشتى. بۇ دەۋر ئاbbاسىيلار خەلىپىسى ئەلمەئمۇن تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئېغىر دىنىي زىيانكەشلىك دەۋرى بولۇپ، بۇ جەرياندا مۇئتەزىلە تەلىماتىغا قارشى چىققان دىنىي ئۆلىمالار تۈرمىگە تاشلىنىپ، قاتتىق قىيىن ـ

قستاققا ئېلىنغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ خىل سىياسەت مەئمۇننىڭ ئىنىسى ئەلمۇئتەسىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋاسىق بىللاھ ئۆلگۈچە داۋام قىلغان. بۇ جەرياندا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمام بۇخارىغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ھەدىس ئالىملىرى ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ھەتتا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ، نازارەت ئاستىدا ياشاپ، ھەر قانداق دەرس ئۆتۈشى چەكلەنگەن. پەقەت خەلىپە مۇتەۋەككىل زامانىغا كەلگەندىلا، بۇ خىل «ئاپپاق خوجا»چە سىڭىپ كىرىشنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلغان يېڭى خەلىپە «دىنىي قالقان قىلىپ، پىتنە قوزغاش ئارقىلىق سىياسىي غەرىزىگە يېتىشنى مەقسەت قىلغان مۇئتەزىلە» گۇرۇھىنى قەتئىي چەكلەشكە باشلىغان. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋە تەسىرلىرى باغداتتىن باشقا، خوراسان، تىرمىز، يەمەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى، كۇفە، ئەرمىنىيە قاتارلىق ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم رايونلىرىغا تارقالغان ئىدى.

تارىخچىلار مۇئتەزىلە ئەقىدىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ھەر خىل ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولغان بولسا، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق پىكرىچە، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى دىنىي ۋە سىياسىي سەۋەبتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق سەۋەبكە يىغىنچاقلانغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ھاكىمىيەت سايىسىدە راۋاجلىنىپ، ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئىستىكى خۇددى ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە قوللانغان تاكتىكىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەر ھالدا ئابباسىيلار خەلىپىلىرى ۋە رەببانى ئۆلىمالار ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئۇلارنى مۇنازىرىگە چاقىرىپ، دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىقلا بۇ مەزھەپنى تېزلا تورۇتۇپ تاشلىغان. ئىسلام تارىخىدا قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇمشاق كۈچ بىلەن يوق قىلىنغان بىردىنبىر باتىل مەزھەپ دەل مۇئتەزىلە مەزھىپى ئىدى.

ئۇلار يوقىلىپ مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئۇنۇمسىز ئۇرۇنۇشلار بولغان. ئەمما بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى غەربنىڭ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، بۇ ئۇرۇنۇشلار خۇددى ئىسلام مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىگە باغلىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ، ئىسلام دۇنياسىدا بازار تاپالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە تەپەككۇرىنى ھازىرقى زامان تەپەككۇرى ۋە ئېپىزىمولوگىيەلىك ئاساسلىرى ئۈستىدە قايتا گۈللەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان ئۇرۇنۇشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئەللامە مۇھەددىس ئالبانى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئەمىن نايىپ زىياب دېگەن كىشى شۇ خىلدىكىلەرنىڭ زامانىمىزدىكى ۋەكىلىدۇر.

1982 - يىلى يازدا ئىسرائىلىيەنىڭ لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىشى ئۇنىڭ كاللىسى، ئېڭى ۋە ۋىجدانىغا شۇ قەدەر تەسىر كۆرسەتتىكى، ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان، تەقىيۇدىن نەبھانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھىزبۇت تەھرىرنىڭ (ئازاتلىق تەشكىلاتى) ئىدىيەسىدىن براقلا مۇئتەزىلە ئەقىدىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىيەتچى ئىدىئولوگىيىسىگە كۆچكەن.

**2. خاۋارىجلار:**

«خاۋارىجلار» دېگەن بۇ ئىسىم بىۋاستە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە «اَلْخَوَارِجُ كِلَابُ النَّارِ» «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر» دېگەن [ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، شەيخ ئەلبانى «سەھىھۇل جامى» 3347 ـ نومۇردا «سەھىھ» دەپ باھالىغان]

خاۋارىجلار ئىلگىرى ئۆزىنى «ئەھلى ئىمان» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئاففاننىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆلەملەشكەن ھالدا پەيدا بولۇپ، ھىجرىيە 37 ـ يىلى سىففىن ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى ىبن ئەبى تالىبقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قوراللىق توپىلاڭ قىلغانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

خاۋارىجلار تارىختىن بۇيان، دىندا ھەددىدىن ئاشقان قاتتىق يول تۇتۇش، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان مۇسۇلمانلارنى دەلىلسىز كاپىرغا چىقىرىش ۋە ئىبادەتتە ئاشقۇنلۇق، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە رادىكاللىق بىلەن بىلەن تونۇلغان سىياسىي ۋە ھەربىي مەزھەپتۇر. ئوسمان ىبن ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەلى ىبن ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سادىق بولۇشقا ۋەدە بەرگەن. ئەمما، كېيىنچە خاۋارىجلار ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن خاۋارىجلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. خەلىپە ئۇلارنى چىرايلىق مۇنازىرە ۋە سۆھبەت ئارقىلىق قايىل قىلماقچى بولدى. ئەمما ئۇلار ئىجابىي جاۋاب قايتۇرمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاقىۋەت ئۇرۇش پارتلاپ، خاۋارىجلار مەغلۇپ بولدى. قالدۇق قىسمى ئىراندىكى سىجىستان ۋە يەمەندىكى ھەزرىمەۋتكە قېچىپ بېرىپ پۇرسەت كۈتۈپ، بىر مەھەل قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ۋە ئىماملارغا قارشى پات ـ پات پارتىزانلارچە ھۇجۇم قىلىدىغان گۇرۇپپىلارنى قۇردى.

خۇلاسە قىلغاندا «خاۋارىجلار» دېگەن سۆز، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان تارىخى ئاتالغۇ بولۇپ، «خاۋارىج» ئاتالغۇسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى مۇنۇ ئۈچ گۇرۇپپىغا قوللىنىلغان نامدۇر :

(1) ھۆكۈمدارغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئۆكتىچىلەر ياكى قورال كۈچى بىلەن ۋاستە تاللىماي سىياسىي قارشىلىق قىلىپ، مەقسىتىگە يەتكۈچى مۇسۇلمانلار. بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ھەربىي دېموكرات كۈچلىرى دېگەن ئۇقۇمغا يېقىنلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار قورال كۈچى بىلەن مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، سايلام ئارقىلىق ئاردىن بىرىنى سايلاپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

(2) دىنني بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس قېنىنى تۆكۈپ، ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئازغۇن ۋە ئاشقۇن تائىپە. بۇلار ئۆتمۈشتىكى ئاپپاق خوجا گۇرۇھى، ھازىرقى ئاشقۇن شىئە مەزھىپى مۇرتلىرى، ئۆزىنى سۈننىي مەزھەپنىڭ قوغدىغۇچىلىرى دەۋالغان ئازغۇن دائىش پىرقىسىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا بۇنداق ئىدىيەدىكى ئاشقۇن تائىپە «زامانىۋى خاۋارىجلار» دېيىلىدۇ.

(3) ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنى كاپىر دەپ قارايدىغان ئەڭ ئاشقۇن، رادىكال ۋە ئازغۇن گۇرۇھلار. بۇلار زامانىمىزدىكى يېڭى خاۋارىجلار دەپ ئاتالغان ھىزبۇتچىلار، يەمەندىكى ھۇسىيلار، شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيەچىلەر، ئەلەۋىلەر، رافىزىلار، نۇسەيرىيەچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خاۋارىجلارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز تۆۋەندىكىدەك ئوچۇق بايانلارنى ۋە كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن:

(1) ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىس كىتابىدا، سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: بىرەيلەن ئۇنىڭدىن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاۋارىجلار ھەققىدە بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭ ئىراق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، «ئۇ يەردىن قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر خەلق چىقىدۇ. ئىراق (ئىمان) ئۇلارنىڭ كېكىردەكلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئىسلامدىن خۇددى ئوقيادىن ئوق ئېتىلغاندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ».

(2) ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىس كىتابىدا كاتتا ساھابە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتاتتۇق. بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن كەلگەن بىر كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئادىل بول!» دېدى. پەيغەمبىرىمىز : ۋاي ئىسست ساڭا ! ئەگەر مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولىدۇ؟ مەن ئادىل بولمىسام خانىۋەيران ۋە چوڭ زىيانكار بولغان بولىمەن» دېدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن ئۇنىڭ بويىنىنى چاپاي» دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز : «ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغىن، بۇنىڭ نەسلىدىن شۇنداق كىشىلەر چىقىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن سەۋەبىدىن، بىرىڭلار ئۇلارنىڭ نامىزى بىلەن ئۆزىنىڭ نامىزىنى، ئۇلارنىڭ روزىسى بىلەن ئۆزىنىڭ روزىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭكىنى ئاز ۋە كىچىك سانايدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ كېكىردىكىدىن پەسكە ئۆتمەيدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما ئۇنى چۈشەنمەيدۇ). ئۇلار دىنىدىن خۇددى ئوق ئوقيادىن چىقىپ كەتكەندەك تېز چىقىپ كېتىدۇ (مۇرتەد بولىدۇ)» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ سەئىد كېيىنچە مۇنداق دېگەن : مەن بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ھەمدە مەن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن بىر سەپتە ئۇلار (پەيغەمبىرىمىز سۈپەتلەپ بەرگەن خاۋارىجلار) بىلەن ئۇرۇشقانلىقىمغىمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن.

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئىچىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ساھابىلىرىنىڭ مەنھەجىگە قارشى بەزى باتىل مەزھەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خاۋارىجلارمۇ بار. رەسۇلۇللاھ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەندى:

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زامان ئاخىرىدا ئۆزى ياش، ئەخمەقلەرچە ئارزۇسى بار

بىر تۈركۈم كىشىلەر بارلىقنى كىلىدۇ. ئۇلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سۆزلەردىن تاللاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ. بىراق ئۇلار دىندىن خۇددى ئوق ئوقيادىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چىققاندەك تېز چىقىپ كېتىدۇ».

خاۋارىجلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۆتەزىلە مەزھىپىدىكىلەرگە ئوخشاش ئىلىمنى ئاساس قىلغان گۇرۇھ بولماستىن، ئەكسىچە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قانلىرىنى ناھەق تۆكىدىغان بۆلەكچى قوراللىق گۇرۇھ بولغاچقا، ئەينى چاغدىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى قوراللىق باستۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئالىملار خاۋارىجلارغا ھۆكۈم قىلىشتا بەزى ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ چوڭ جەھەتتە ئىككى خىل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان:

(1) خاۋارىجلارغا تەتبىقلىنىدىغان ھۆكۈم مۇرتەدلىك (دىندىن چىقىش) قىلغانلارنىڭ ھۆكۈمىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى خاۋارىجلار سۈننەتنى رەت قىلدى، ساھابىلەرنى كاپىر دەپ جاكارلىدى ۋە ئۆزىگە ئوخشىمىغان پىكىردىكى تەۋھىدچى مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، قانلىرى ۋە ماللىرىنى ئۆزلىرىگە ھالال ساناشتى.

(2) ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى قاراقچىلار، بۆلگۈنچىلەر ۋە باندىتلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت سەلتەنەت ۋە ھۆكۈمرانلىقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى جىق زىيانغا ئۇچراتتى. شۇڭلاشقا ئۇلارغا باندىتلارغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك.

ئىمام نەۋەۋى، سەھىھ مۇسلىمغا شەرھى يازغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ « ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) بىلەن روبىرو كېلىپ قالساڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە ئەجىر بار» دېگەن سۆزىدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان :«بۇ ھەدىستىن خاۋارىجلار ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى قاراقچى ـ باندىتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش (ئۇلارنى يوقىتىش ياكى تىنجىتىش)نىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى چىقىدۇ. شۇنداقلا ئالىملارنىڭ ئورتاق تونۇشىمۇ (يەنى ئىجماسى) شۇنداق.

قازى (قازى ئىياز ئەل مالىكى) مۇنداق دېگەن :«ئۆلىمالار خاۋارىجلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ بىدئەتچى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى توپىلاڭچىلار ئىكەنلىكىدە بىردەك تونۇشتا بولدى. ئۇلار ئىمامغا (يەنى خەلىپىگە) قارشى ئىسيان كۆتۈرسە ۋە جامائەتنىڭ پىكىرىگە قوشۇلماي، بىرلىكنى بۇزۇپ كۆچنى بۆلسە، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يامان نىيىتىدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەك». چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە :« ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى(ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. (سۈرە ھۇجۇرات، 9 ـ ئايەت.

### 3 . رافىزىلار:

رافىزىلار (الرافضة) : ئۇلار ساھابىلەرگە تۆھمەت قىلىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ۋە يالغان ھەدىس توقۇشتا يۇقىرىقى ھەممە بىدئەتچى مەزھەپلەرنى مىڭ ھەسسە بېسىپ چۈشىدىغان ئەڭ يىرگىنچلىك ۋە قەبىھ مەزھەپتۇر. رافىزىلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يېرى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇشى بولۇپ، ھەدىس ئىماملىرى بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىغان ئىدى.

ئىمام مالىكتىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن) ئۇلار ھەققىدە سورىلىۋىدى ۋە ئۇ: «ئۇلار بىلەن سۆزلەشمە ۋە ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرما، چۈنكى ئۇلار يالغان سۆزلەيدۇ» دېدى. شەرىك بىن ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : «مەن رافىزىلاردىن باشقا يولۇققان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىمەن. چۈنكى رافىزىلار يالغان ھەدىس توقۇپ، ئۇنى دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ». ئىمام شافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن) : «مەن نەپسى خاھىشقا بېرىلگەن ئازغۇن كىشىلەر ئارىسىدا رافىزىلاردىنمۇ بەكرەك يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە خۇشتار كىشىلەرنى كۆرمىدىم» دەيدۇ.

نۆۋەتتە بۇ خىل ئېقىمغا ياتىدىغان كىشىلەر ئىران، ئىراق، سۈرىيە، مىسىر، لىۋان ۋە يەمەننىڭ بەزى جايلىرىدا سۈننىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىلمەكتە. پەردە ئارقىسىدا، خىتاي، رۇسىيە، ئىسرائىلىيە ۋە بەزى غەرب ئەللىرى ئىستىخباراتلىرى ۋە دۇنياغا تەسىر كۆرسىتۋاتقان قاراڭغۇ كۈچلەر مەزكۇر باتىل مەزھەپلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆز بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ، پىكىر ئۆرۈشىنى پاجىئەلىك ۋە قانلىق ئىچكى قىرغىنچىلىققا ئايلاندۇرۇش قەستىدە بولماقتا. خىتايغا نىسبەتەن، دۇنيانىڭ دىققىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قايتىدىن مەركەزلىشىپ قېلىشى، ئۇيغۇر خەلقىنى بىمالال بىر تەرەپ قىلىش يولىدىكى ئالتۇن پۇرسەت دەپ قارىلىدۇ.

### 4 . زىندىقلار:

زىندىقلار توقۇلما ھەدىسلەر ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناۋىتىگە داغ تەگكۈزۈش ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى يالغاندىن ئالىيجاناب مۇسۇلمانلىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئاستىرتىن پۈتۈن گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىسلامغا زىت بولغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنى بىلەن يېڭىدىن تونۇشماقچى بولغان كىشىلەرنى سەسكەندۈرۈش ۋە ئېتىقادى ئاجىزلارنى دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان باتىل مەزھەپتۇر. ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى زىندىقلار كاتتىۋېشى تېگى يەمەنلىك ئابدۇللا ئىبنى سەبە بولۇپ، ئۇ ئىراق ۋە مىسىردىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغان ساددا خەلقلەرنى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمانغا قارشى كۈچلۈك قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈشتە ئۆتۈق قازانغان. ئۇ قارىماققا ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارى بولغان بولۇۋېلىپ، ئاستىرتىن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ساددا خەلقنىڭ قولى ئارقىلىق خەلىپە ئوسماننى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلام دۇنياسىنى ھازىرغىچە ئاخىرى چىقماس جېدەل ـ ماجىرالار ۋە داۋالغۇش ـ مالىمانچىلىقلارغا سېلىپ قويغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئابدۇرازاق گۇرناھ

# 2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ئابدۇرازاق گۇرناھ

يازغۇچى ۋە ئاكادېمىك ئابدۇرازاق گۇرناھ 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۈگۈن تانزانىيەگە تەۋە بولغان زانزىبار رايونى (ئەينى چاغدىكى «زانزىبار سۇلتانلىقى»)دا تۇغۇلغان بولۇپ، 1960 ـ يىللاردىكى زانزىبار ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەنگلىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىرمۇ ئەنگلىيەدە ياشايدۇ.

ئۇ ياشلىق مەزگىلىدە زانزىبار ئىنقىلابىغا (1964 ـ يىلى) ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىنكى داۋالغۇشلۇق يىللارغا شاھىت بولغان. تانزانىيەدە ئەرەب نەسىللىك پۇقرالارغا قارىتىلغان بېسىم ۋە زۇلۇم سەۋەبلىك، ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە 1984 ـ يىلىغىچە تانزانىيەگە قايتالمىغان.

ئۇ ئەنگلىيەگە كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە «كەنتېربېرىي خرىستىيان چېركاۋى ئۇنىۋېرسىتېتى»دا (Canterbury Christ Church University) ئوقۇغان. كېيىن «كېنت ئۇنىۋېرسىتېتى»دا دوكتورلۇقتا ئوقۇپ، 1982 ـ يىلى «غەربىي ئافرىقا رومانلىرىنى تەنقىدلەشتىكى ئۆلچەم» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان.

ئۇ 1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە، نىگېرىيەنىڭ كانو شتاتىدىكى «بايېرو ئۇنىۋېرسىتېتى»دا (Bayero University) دەرس بەرگەن. ئاندىن كېنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى ۋە مۇستەملىكىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ پروفېسسورى بولغان ۋە 2017 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت قىلغان. ئۇ ھازىرمۇ مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىنگلىز تىلى ۋە مۇستەملىكىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ پەخرىي پروفېسسورىدۇر.

ئابدۇرازاق گۇرناھ ئۆزىنىڭ ئاكادېمىك ساھەدىكى خىزمەتلىرىدىن باشقا، ئۆز نۆۋىتىدە يازغۇچى ۋە رومانچىدۇر. ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى، نەسىرلىرى ۋە ئون پارچە رومانى بار.

گەرچە ئۇنىڭ ئانا تىلى كىسۋاھىلى تىلى بولسىمۇ، ئەمما ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز تىلىدا يازىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆز بارلىق ئەسەرلىرىگە كىسۋاھىلىچە، ئەرەبچە ۋە گېرمانچىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن. نەشرىياتچىلار، ئۇنىڭ كىتابىدىكى «كىسۋاھىلىچە ۋە ئەرەبچە پايدىلانما ۋە ئىبارىلەرنى يانتۇ خەت ھالىتىدە يېزىشقا ياكى ئىنگلىزچىلەشتۈرۈشكە مايىل» بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نەشرىياتچىلار بىلەن «كۈرىشىش»كە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتقان؛ شۇنداقلا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ «يات تىل»دىكى ئاتالغۇ ۋە ئىبارىلەرنى يانتۇ خەت ھالىتىدە كۆرسىتىش ياكى سۆزلۈك جەدۋىلىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق «ياتلارنى تېخىمۇ يات كۆرسىتىش»كە ئۇرۇنغانلىقىنى تەنقىد قىلغانىدى.

ئابدۇرازاق گۇرناھ يىگىرمە نەچچە نەچچە ياشلىرىدا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشى سەۋەبلىك يېزىقچىلىققا كىرىشكەن. ئەڭ دەسلەپتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي ـ پىكىرلىرىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىشقا باشلىغان، كېيىن بۇ

ۋەتەن ھەققىدىكى ئېخمۇ ئۇزۇن تەپەككۇرغا تۈرتكە بولغان. ئۇ ئاخىرىدا باشقىلار توغرىسىدا توقۇلما ھېكايىلەرنى يېزىشقا باشلىغان. بۇ ئۇنىڭدا يېزىقچىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇساپىرلىق، چەتئەلدە ياشاش ۋە سەرسانلىق ھېسسىياتىنى چۈشىنىش ۋە خاتىرىلەش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداقلا، دەسلەپكى بۇ ھېكايىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، 1987 ـ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى رومانى ــــ «ئايرىلىش خاتىرىسى» (Memory of Departure) ۋۇجۇدقا چىققان. مەزكۇر تۇنجى كىتابى ئۇنىڭ كېيىنكى رومان، ھېكايە ۋە ئوبزورلىرىدا «مۇستەملىكىچىلىك، ئۇرۇش ۋە سەرسانلىقنىڭ ساقايماس جاراھەتلىرى» تېمىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئاساس سالغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي ئافرىقانىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، باش پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى (پەقەت بىرى مۇستەسنا) زانزىباردا تۇغۇلغان. گەرچە ئابدۇرازاق 18 يېشىدا تانزانىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە قايتىپ ئۇزۇن مۇددەت ياشاپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «ئۆزىنىڭ ھېكايىسىدە قەستەن باشقا يەرنى يازماقچى بولغان چاغلاردىمۇ، يەنىلا ئۆز يۇرتى كاللىسىغا كېلىۋالغان».

ئۇ «ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى، شۇنداقلا كۇلتۇرلار ۋە قىتئەلەر ئارىسىدىكى مۇساپىرچىلىق تەقدىرى ئالدىدىكى مۇرەسسەسىز، ھېسداشلىققا تولغان تېرەن پىكىرلىرى» سەۋەبلىك 2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نائىل بولغان. ئۇ 1986 ـ يىلىدىكى ۋول سوينكادىن (Wole Soyinka) كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى قارا تەنلىك ئافرىقا يازغۇچىسىدۇر.

ئابدۇرازاق گۇرناھنىڭ بەزى ئەسەرلىرى:

رومانلىرى:

«ئايرىلىش خاتىرىسى» (Memory of Departure)، 1987 ـ يىلى.

«ھاجىلىق سەپىرى» (Pilgrims Way)، 1988 ـ يىلى.

«دوتى» (Dottie)، 1990 ـ يىلى.

«جەننەت» (Paradise)، 1994 ـ يىلى.

«كىشىنى ھەۋەسلەندۈرىدىغان جىمجىتلىق» (Admiring Silence)، 1996 ـ يىلى.

«دېڭىز بويىدا» (By the Sea)، 2001 ـ يىلى.

«تەرك ئېتىش» (Desertion)، 2005 ـ يىلى.

«ئاخىرقى سوۋغات» (The Last Gift)، 2011 ـ يىلى.

«شېغىل يۈرەك» (Gravel Heart)، 2017 ـ يىلى.

«ئاخىرەت» (Afterlives)، 2020 ـ يىلى.

ھېكايىلىرى:

«قەپەز» (Cages)، 1984 ـ يىلى؛ «ئافرىقا ھېكايىلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.

«بوسسي» (Bossy)، 1994 ـ يىلى؛ بۇمۇ «ئافرىقا ھېكايىلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.

«شاھزادىنىڭ سۈرىتى» (The Photograph of the Prince)، 2012 ـ يىلى.

«ئافرىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا تايىنىپ ياشىغان ئاپام» (My Mother Lived on a Farm in Africa)، 2006 ـ يىلى.

«كەلگۈندىنىڭ ھېكايىسى» (The Arriver's Tale)، 2016 ـ يىلى.

«دۆلەتسىز ئىنساننىڭ ھېكايىسى» (The Stateless Person's Tale)، 2019 ـ يىلى.

ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندىلەر:

«گاھىدا مەن خەرىتىگە سۈزۈلەپ قويىمەن، بەزىدە ئۇلارمۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇ ئاتلانتىكىنىڭ ئۈنچىۋالا غەلىتە ئىش ئەمەس. خەرىتە بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، دۇنيا چەكسىز ئىدى. خەرىتە دۇنياغا شەكىل بېرىپ، ئۇنى تېررىتورىيەگە، يەنى ئىسراپ ۋە تالان ـ تاراج قىلغىلى ئەمەس، بەلكى ئىگە بولغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇردى» ــــ «دېڭىز بويىدا».

«ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ مېنىڭچە بۇ سوئالنى سورىغان كىشى بەربىر مېنىڭ جاۋابىمغا قايىل بولمايدۇ» ــــ «شېغىل يۈرەك».

«گاھىدا مەن ئۆرۈلۈپ چۈشۈي دېگەن ئۆيدىكى ۋەيرانچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ياشاشنى ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىدەك ھېس قىلىپ قالىمەن» ــــ «دېڭىز بويىدا»

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىغان


پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:

/https://www.nobelprize.org/prizes/literature/2021/summary

https://en.wikipedia.org/wiki/Abdulrazak_Gurnah

https://www.goodreads.com/author/quotes/44089.Abdulrazak_Gurnah




# «ئۇيغۇر قەتلىئامى» ناملىق ئەسەردىن ئالغان تەسىراتلىرىم

# «ئۇيغۇر قەتلىئامى» ناملىق ئەسەردىن ئالغان تەسىراتلىرىم

تۆۋەندىكىسى دوكتور مەمتىمىن ئەلانىڭ «ئۇيغۇر قەتلىئامى - پسىخولوگىيەلىك نەزەر» ناملىق كىتابىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ۋە مەزكۇر كىتابتىن ئېلىنغان نەقىللەردۇر.

ئۇيغۇر قەتلىئامى — بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قاباھەتلىك ئۆتمۈش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ قۇرلار يېزىلىۋاتقان ئۇشبۇ دەملەردىمۇ كۆز ئالدىمىزدا داۋاملىشىۋاتقان، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقتۇر.

گەرچە چىك سۇلالىسى سانغۇنى زوڭ زۇڭتاڭ ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1949 - يىلى قىزىل كوممۇنىست خىتاي ئەزىز شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خەلقىمىز ئىزچىل ھالدا ئېزىلىش، تۇتۇلۇش، ئۆلتۈرۈلۈش قىسمەتلىرىگە دۇچار بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، تاكى مۇشۇ ئەسىرگىچە بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن، خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى پەۋقۇلئاددە چەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئىچىدىمۇ ئۆز كىملىكىنى تۈرلۈك شەكىللەردە نامايەن قىلىپ تۇرغاندى.

ھالبۇكى، 2009 - يىلىدىكى «ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»دىن كېيىن، خىتاي ئەسلىدىكى ۋەھشىي سىياسەتلىرىنى ھەم كۆلەم، ھەم سالماق جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ 2016 ~ 2017 - يىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۈنسېرى ۋەھشىيلەشتۈرۈلگەن جازا لاگېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق يوقىتىش مېخانىزمى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق بۇ مەزلۇم قەۋمگە قارشى قەتلىئامنىڭ رەسمىي ئەۋجىگە چىققانلىقىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى.

ئەمما، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنى دەسلەپتە بۇنى ئۆتمۈشتىكى بىرەر يىللىق «قاتتىق زەربە بېرىش» دېگەندەك ئۆتكۈنچى باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە ئوخشىتىپ باقتى. خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ بۇ ئىشنى ئەڭ ئېغىر بولغاندا خىتاي تارىخىدىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا ئوخشاش بىر مەزگىلدىن كېيىن پەسكويغا چۈشىدۇ، بۇ ئىش ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خىرس ئەكېلەلمەيدۇ، دەپ قاراشتى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى لاگېرغا سولاش بىلەنلا قالماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان تۆت ۋىلايەتتىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى؛ تۈركۈملىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇل ھېسابىدا خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن ئەكېتىلىشى؛ مىليونلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، پۈتۈن كۈنلۈك ياتاقلىق مەكتەپلەرگە بەند قىلىپ، تامامەن خىتايلاشتۇرۇلۇش سۈيقەستى؛ مەكتەپلەردىكى دەرسلىك كىتابلارنىڭ (ھەتتا ئەدەبىيات كىتابلىرىنىڭمۇ) تامامەن ئۇيغۇرسىزلاشتۇرۇلۇشى؛ شۇنداقلا بۇ زېمىننىڭ تا

ھازىرغىچە ئاخىرلىشىش، ھەتتا پەسىيىش ئالامەتلىرىدىن ئەسەرمۇ بولماسلىقى؛ ھەتتا شۇنىڭ ئەكسىچە بارغانسېرى ئەدەۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى نۆۋەتتىكى زەربىنىڭ قانداقتۇر «ئۆتكۈنچى ھەرىكەت» بولماستىن، بەلكى خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان «ئۆلۈم جازاسى»، «قەتلىئام جاكارى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ـ دە، بۇ ئاچچىق رېئاللىق بىز ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە گاڭگىرىتىپ قويدى. ھەممىمىز پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەكلا بولۇپ قالدۇق.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ مەڭدىتىپ قويغان، ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان بۇ قەتلىئام بىزنىڭ روھىيىتىمىزگە كونكرېت قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ بىز ئۇنىڭ قايسى خىل سەلبىي تەسىرلىرىگە ئۇچرىدۇق؟ بۇ خىل ھادىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ قەتلىئام ئىچىدىكى خەلق ئۆز پىسخىكىسىنى قانداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى كېرەك؟ بىز بۇ جەھەتتە كونكرېت نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

بۇ سوئاللارغا ھەركىم ئۆز مەۋقەسىگە ۋە سەۋىيەسىگە يارىشا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ قەدەر ئېغىر زەربە تۈپەيلى قايمۇقۇش ئىچىدە قالغان خەلقنىڭ بۇلارغا دەماللىققا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالىشى قىيىن بولغاچقا، ئۇلار بۇ ساھەدىكى سىستېمىلىق، ئىلمىي قاراشلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆز رېئاللىقىنى ئوبيېكتىپ تونۇپ يېتىشكە موھتاج.

شۇڭا، مەن بۈگۈن دوكتور مەمتىمىن ئەلانىڭ مۇشۇ تېمىغا ئاتاپ يېزىلغان «ئۇيغۇر قەتلىئامى ـ پسىخولوگىيەلىك نەزەر» دېگەن كىتابىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ چىقماقچىمەن.

***

ئالدى بىلەن، ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ئالاقىدار ساھەلەردىكى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلاردىن شان روبېرتس، دەرىن بايلېر، دېيۋىد بروفىي، رىيان سام قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا بىزنىڭ قىسمىتىمىزنى ياندىن كۆزىتەلەيدۇكى، بۇ قىسمەتنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇيالمايدۇ، بۇ قەتلىئامنىڭ ئىزتىراپىنى ھەقىقىي «ئۇيغۇر»لۇق سۈپىتىدە ھېس قىلالمايدۇ. مەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەچمىشلىرىنى ۋە «پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولغان كۇلتۇرەل بەلگىلەر ۋە ئىشارەتلەر»نى چۈشەنگەن ئاساستا، ئۆز قىسمىتىمىزنى ئىلمىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىپ كىتاب يېزىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. ئەمما، بۇ ساھەدە ئۆز ئىچىمىزدىن قەلەم تەۋرەتكەنلەر تولىمۇ ئاز چىقتى. شۇڭا، مەزكۇر كىتاب ئۇشبۇ قەتلىئامنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەلىمىدىن پۈتكەنلىكى نۇقتىسىدىن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئۇنداقتا، دوكتور مەمتىمىن ئەلا بۇ كىتابنى يېزىشقا قاچان، قانداق تۇتۇش قىلغان؟

ئالدى بىلەن، ئاپتور كىتابىنىڭ «سۆز بېشى» قىسمىدا مەزكۇر قەتلىئامنى ئالدىن ھېس قىلالمىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۆكۈنۈشىنى تۆۋەندىكى قۇرلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىدۇ:

شۇنىڭ بىلەن، ئەمدىلا سۈرۈشكە باشلىغان ئىلىم ھۇزۇرۇمنىڭ بىراقلا پەركايى ئۇچۇپ كەتتى ــــ ئەجەبا ئۇ قەدەر «كاتتا» كىتابنى يېزىپ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇر روھىيەتلىرىنى چۈشىنىۋەتتىم دېگەن مەنىدەك بىر زىيالىي مۇشۇنداق بىر قورقۇنچلۇق ئاپەتنى ــــ بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكى ئۆلۈم شەپىسىنى ــــ قىسقىسى، ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان بۇنداق بىر ۋەھشىي قىرغىنچىلىقنى ئالدىنئالا كۆرەلمىسە ـ ھە! ئۇيغۇر قەتلىئامى ھەققىدىكى بۇ خەۋەرلەر مېنىڭ زىيالىيلىق قانائەتلىرىمنى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى. روھىم قاتتىق چۈشتى. ئۆزۈمنى ئېچىمدە ئىلمىي بىخەستىلىكتە راسا ئەيىبلىدىم. قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمىدىم ــــ مەن قانداقسىگە يۈز بېرىشى شۇ قەدەر مۇقەررەر بىر قەتلىئامنى ئالدىن كۆرەلمەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە يۇقىرىقى كىتابىمدا خەلقىمنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرالمايمەن؟...

ئاندىن، ئاپتور باشقا بىرەيلەننىڭ سەمىگە سېلىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ 2007 ـ يىلى گېرمانىيەدىكى بىر سورۇندا شۇنداق دېگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ:

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى ھازىرقى مۇناسىۋەت بارغانسېرى يىرىكلىشىدۇ. چۈنكى، خىتايلار ھازىر ئۇيغۇرلارنى قارىلاشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر قورالنى تېپىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى يوقاتمىغۇچە توختىمايدۇ ــــ ئاتتى ـ تېرورىزم ... ئەمدى خىتاينىڭ يۈرىكى توملاپ، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ بوزەك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار سۆكۈتتە تۇرۇۋاتقىنى بىلەن ئۇلارنىڭ غۇرۇرى، قارشىلىق روھى تېخى يوقالغىنى يوق. ئۇلار ھەر ئاماللار بىلەن خىتايلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئاخىرىدا ھەربىر ئۇيغۇر كوچىدا مېڭىپ يۈرگەن بىر پىچاقا ئايلىنىدۇ... ئۇلار ئۆزىنى بارغانسېرى بوزەك قىلىۋاتقان، كەمسىتىۋاتقان خىتايلارغا قولىغا نېمە چىقسا، شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئاقىۋەت خىتايمۇ يانمايدۇ، ئۇيغۇرمۇ ھەم... نۇ توقۇنۇشنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى خىتاي پۇقرالىرىدىن ئايرىۋېتىشكە كىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئېھتىمال تەكلىماكان ئەتراپىدا سىم توساقلىق گېتتوسىمان رايونلاردا ياشاشقا بۇيرۇلۇشى مۇمكىن... ئۇلار بۇ گېتتونىڭ سىرتىغا قەتئىي چىقىرىلمايدۇ. بۇ تاكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقى پۈتۈنلەي مۇلچەرلەنگەن تەرزدە تۈگىگۈچە داۋاملىششى مۇمكىن.

بۈگۈنكى رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، 2007 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ئېچىنىشلىق پەرەز ــــ زۇلۇمنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىشى نۇقتىسىدىن ــــ تولىمۇ توغرا چىققانىدى. ھالبۇكى، ئەينى چاغدىكى بۇ خىل «ئالدىن كۆرەرلىك» ئاپتورنى مەمنۇن قىلالمايلا قالماستىن، تېخىمۇ ئۆكۈندۈرىدۇ:

شۇنداق دېگەن تۇرۇقلۇق، بۇ ھەقتە يەنە قايتا ئىزدەنمىگەنلىكىم ۋە كىتابىمدا توختالمىغانلىقىم ماڭا ئېخىمۇ ئەلەم قىلدى. ئەجەبا بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈنۈتقاقلىق، بىخەستىلىك بۇ؟ بۇ بىر ئاددىي ئاقۋەت ئەمەسكى؟!

شۇنىڭ بىلەن، 2018 ـ يىلى ئۇيغۇر قەتلىئامى ھەققىدە ئىنگلىز تىلىدا ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلدىم. بىرى، قەتلىئامنىڭ دەھشىتىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش تەخىرسىز ئىدى. يەنە بىرى، مەن ئۆزۈمدىكى گۇناھ تۇيغۇسىدىن قۇتۇلماقچى ئىدىم...

ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتابنى يېزىش ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مۇددىئاسى يۇقىرىقى قۇرلاردىن تولۇق ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇنداقتا كىتاب كونكرېت قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟ ئەمدى دىققىتىمىزنى شۇنىڭغا ئاغدۇرۇپ باقايلى.

مەزكۇر كىتاب تۆۋەندىكى بابلاردىن تەركىب تاپقان:

1. قەتلىئام: نامسىزلىقتىن ناملىققىچە
2. مەۋجۇتلۇقنىڭ تۆت تۈسى
3. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشى
4. ئۇيغۇر قەتلىئامىغا تەتۈر بايان
5. ئىككى پسىخىك تەجرىبە، ئىككى تەدبىقلاش
6. ئۇيغۇرلاردا خىتايغا تايىنىش پسىخىكىسى
7. قايغۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرى
8. قايغۇنىڭ باسقۇچلىرى
9. كوللېكتىپ ئاسارەت
10. قانداق قىلىش كېرەك؟

قوشۇمچە: چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا توردا ئېلىپ بېرىلغان ئاسارەتكە ئائىت راي سىناش نەتىجىسىنىڭ قىسقىچە تەھلىلى

بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسىتىم مەزكۇر كىتابنى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇش بولماستىن، كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئوقۇرمەنلەرنى كىتابنى ئوقۇپ بېقىشقا قىزىقتۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن،

تۆۋەندە كىتابتىكى بابلارنى بىر باشتىن تونۇشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، كىتابتىكى قىسمەن مەزمۇنلارنى ئۆزئۆندە شەكلىدە نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن ۋە ئىلمىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتا مۇشۇلارنىڭ يېتەرلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

### نۆۋەتتىكى قەتلىئامدىمۇ داۋاملىشىۋاتقان قورقۇتۇپ باشقۇرۇش تاكتىكىسى

قورقۇنچ ئادەمنى كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدۇر ... خىتاينىڭ ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنى قورقۇتۇپ باشقۇرۇشى بۇ قېتىملىق قەتلىئام يۈز بەرگەندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالمىدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەتتا ئۇلارنى قىربۇېتىپ تۇرۇپمۇ سېلىۋاتقان قورقۇنچىنى تۆۋەندىكى زىيارەتتىن بىلىۋېلىش مۇمكىن:

«ئىككى ئاي ئىلگىرى ب د ت ۋە ياۋروپا بىرلىكى رايونىدا (شەرقىي تۈركىستاندا) بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى ھەمدە مېنىڭ شەھرىم بۇ تەكشۈرۈشلەرگە تاللاندى. مەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ (خىتاينىڭ) ئۇيغۇرلارغا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. مېنىڭ ئانام قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئۇلار (خىتاي دائىرىلىرى) ئۇ چاغدا ئۇنى قايتا قامىشى، قىينىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەرنى قىلىشى مۇمكىن».

### شەپقەتسىز «قەتلىئام ئىجرائاتچىلىرى»نىڭ روھىي ھالىتى

قەتلىئام قىلغۇچىلار تۈپىگە ئورتاق تەۋە بولۇش سالاھىيىتى ئۇلاردا تەۋەلىك، سەپداشلىق، نىشانداشلىق ھېسسىنى قوزغىتىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ، بىر - بىرىدىن ئىلھاملىنىپ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋەھشىيلىكنى قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى بۇنداق بىر كوللېكتىپتا بىر يەككە شەخستىن كۆرە، بىر توپنىڭ پارچىسىدەك كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى «باشقا ھەممەيلەن توغرا دەپ قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىۋاتقانلىقى، شۇڭا قىلغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى»دەك خاتا پىكىر ئىگىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى جىق ئويلاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توپنىڭ ئىچىدە تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولۇش ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە نامسىزلىق ۋە كۆرۈنمەسلىكتەك خاتا سېزىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خۇددى قىلىۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىغاندەك، كۆرەلمەيدىغاندەك خاتىرجەملىكتە قورقۇنچلۇق جىنايەتنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. نەتىجىدە، قىلىۋاتقان قىلمىشىغا بولغان مەسئۇلىيەت ئېگى جىددىي رەۋىشتە تۆۋەنلەيدۇ.

### پىسخىك ئۇرۇش

كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئۇيغۇر قەتلىئامىنىڭ مەركىزىدە پىسخىك ئۇرۇش تاكتىكىسى بار. بۇ ئۇرۇشنىڭ پەقەت ئىككىلا مەقسىتى بار. بىرى، ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە كالىسىدا قايتا شەكىللەندۈرۈش، قايتا قۇراشتۇرۇش ۋە قايتا يارىتىش ــــ خىتايلاشتۇرۇش. يەنە بىرى، بۇ قەتلىئامنى خەلقئاراغا ئالداپ كۆرسىتىش.

بىر كوممۇنىست ئۈچۈن، ئادەمنىڭ كاللىسى ئىشەنچسىز بوشلۇقتۇر. چۈنكى، ئۇ خەتەرلىك ئىدىيەلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن، كاللىنى ھەرۋاقىت بۇ خەتەرلەردىن ساقلاش كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ مۇھىم بۇرچىدۇر. بۇنىڭدا ھەربىر كاللىنىڭ پارتىيەنىڭ پىرىنسىپى بويىچە بىردەك مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاچقۇچتۇر.

### خىتاينىڭ سىياسىتىدىكى بىر بۇرۇلۇش

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشىدىكى سەۋزە بىلەن تاياقنى (يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاسىتىلەرنى) ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىشتەك ۋاسىتىسى تۇنجى قېتىم بارىن ئىنقىلابىدا ئۆزگەردى. خىتاي بارغانسېرى تاياق ئىشلىتىدىغان بولدى. بۇ ھەم خىتاي ئىقتىسادى ئېشىپ، دۇنيادا قەد كۆتۈرۈشىدىن كېيىنكى ئۆزگىچە بولغان غايەت زور ئىشەنچى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق.

### قەتلىئام پىلانى

بۇ مەنىدىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى بۇ قەدەر ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىشنى ئالدىنئالا پىلانلانغان ۋە ئۇيغۇرلار ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي ماسلاشقان بىر پىلاننىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قېتىمقى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنى خىتايلارنىڭ 40 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەتلىئامدا توختاتقان بىر سۈيقەستىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدۇر.

### ھۆرلۈك ئىستىكىمىز قانداق سۇسلاشتى؟

ئەركىنلىككە ئىنتىلىش سەۋەبلىك جازالىنىش خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىنىش دەپ قارىلىدىغان بولدى. ئەكسىچە، ئەركىنلىككە ئىنتىلمەسلىك بولسا خەتەردىن ساقلىنىش دەپ بىلىنىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەركىنلىكنىڭ مەنىداش سۆزى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتا «خەتەر» بولدى. نۇرغۇن ئادەملەر خەتەردىن ساقلىنىش ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى...

... ئۇلارغا شۇنداق ئاددىي بىر قانۇنىيەت سىڭدىكى، پەقەت ختاينىڭ چىشىغا تەگمىسلا، قەپەزدە بولسىمۇ راھەتتە ياشىغىلى بولىدۇ.

بۇ خىل كوللىكتىپ پىسخىك ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئىچكىيلىشىپ، ئۇلار (يەنى ئۇيغۇرلار)نىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى. ئۇلار خۇددى قايناۋاتقان سۇدىكى پاقىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ شارائىتىنىڭ قائىدىسىگە بويسۇنسىلا، شارائىتىنىڭ يامانلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن ياشىدى. ئۇلارنىڭ پۇتكۇل ئوي دائىرىسى قانداق قىلغاندا ئەركىنلىكنى قوغلاشماسلىقلا بولدى...

ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 1950 ـ يىللاردىكى ئەركىنلىك چۈشەنچىسى 1990 ـ ۋە 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە غايەت زور چېكىنىشنى كۆردى. بۇ چۈشەنچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇيغۇرنىڭ ھايات نىشانى بولغىنى بىلەن، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر خەتەرلىك چۈشەنچە بوپ كەلدى.

### ختاينىڭ «ئاكا»لىق ئوبرازى

ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «ئاكا» ئوبرازىنىڭ ئەۋج ئالدۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلاردا تەبىئىي ھالدا بۇ «ئاكا»نىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈشى ۋە ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈشتەك پىسخىك ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

### ئۇيغۇرلارنى مەنىۋى تەلپۈنۈشتىن مەھرۇم قالدۇرۇش

... ختايلارنىڭ نەزەرىدە، ئۇيغۇرلارنى پەقەت ماددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى ئەڭ ئىپتىدائىي، ھايۋانىي ئېھتىياجنىڭ سەۋىيەسىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى بۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان قىلىدۇ. ئۇلارنى ئېخىمۇ ئىلگىرىلەپ باشقا يوكسەك، مەدەنىيلەشكەن ۋە ئىنسانىيلاشقان ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا قىزىقمايدىغان قىلىدۇ. ھەم ئۇلارغا بۇ خىل شەرت ـ شارائىتلارمۇ ئاساسەن ھازىرلانمايدۇ. ھەتتا ھازىرلاندى دېگەندىمۇ، بۇ پەقەت ختايغا سادىق بولغان بىر قىسىم كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىلا بېرىلىدۇ.

### ۋەتەندىكى ئۇيغۇر رېئاللىقى

ۋەتەندىكى ئۇيغۇر رېئاللىقى كەسكىن مەنىدىن ئېيتقاندا بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى دۇنياغا بۆلۈنگەن ـــ ئۆينىڭ سىرتى ۋە ئۆينىڭ ئىچى. ئۆينىڭ سىرتىدا، خەتەر، قورقۇنچ ۋە خورلۇق؛ ئۆينىڭ ئىچىدە، مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە قوللاش. ئەگەر ئۆينىڭ ئىچىدە بۇنداق بىر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، سىرتتىكى دەھشەت ئۇيغۇرلارنىڭ روھنى ئاللىبۇرۇن پارە ـ پارە قىلىۋېتەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەتلىئام ئالدىدىكى تەييارلىقسىزلىقى

... بەزى ئۇيغۇرلاردا خىتايغا قارىتا تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قاراش بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خىتايلار توخۇ يۈرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھىيلە ـ مىكىرگە تايىنىپ جان باقاتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە دۇنيانىڭ كۆزىدە قەتلىئام قىلىشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايتتى. ئىپتىدائىي قارامىلىق بىلەن خىتايلارنى جىسمانىي جەھەتتە كۆزگە ئىلماسلىق ھەم ئۇلارنىڭ مەككارلىقى سەۋەبلىك ئەخلاق جەھەتتە يىرگىنىش نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا شۇنداق بىر روھىي ئۈستۈنلۈك ۋە شۇنداق بىر خام خىيالنى سىمان ئىشەنچ بەرگەنكى، خىتايلار ئۇلارغا ئۆچ بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇلارغا تېگەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار تېگىدىن قورقۇنچاقلاردۇر.

... بۇ قېتىمقى قەتلىئامنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ قەدەر زىلزىلىلىك بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ قانچىلىك ۋەھشىيلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدىنلا ئەمەس، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قانخورلۇقنى ئاز ـ تولا بىلىسىمۇ، ئۇنى يەنىلا خەتەرلىك ھالدا خاتا مۆلچەرلەپ قالغانلىقىدۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى تولۇق چۈشەنمەيدىغان دۈشمىنىنىڭ تۇيۇقسىز ۋە شەپقەتسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىدۇر. بۇنىڭدا ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغان بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بېرى ئۆزى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغان يەنە بىر مىللەت تەرىپىدىن چۈشىنىكسىز بىر تەرىزدە تۇيۇقسىز كوللېكتىپ ۋەيران قىلىنىشىغا قارىتا ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بىر پۈشايمىنى بار.

چەتئەلدىكى ئاچچىق رېئاللىقىمىز

تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىھەم تۈگىمىگەن تالاش ـ تارتىشلار ئۇيغۇرلارنى بەزدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىپ بىر سەپ قۇرۇشىدا بىرلىككە كېلەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ تارىختا يېزىلغۇدەك خاتالىقلىرى ۋە ھەتتا جىنايەتلىرىدۇر. بۇ سىياسىي جەھەتتىكى كەچۈرگۈسىز خاتالىقلا ئەمەس، بەلكى پىسخىك جەھەتتىكى ۋەيران قىلغۇچ ھالەتتۇر. بۇ مەسىلە، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىكى سىياسىي جەھەتتىكى دىتسىزلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى خاراكتېر جەھەتتىكى كېسەلمەنلىكلىرىنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ — شەرەپ ئاچكۆزلۈكى، مەنمەنلىك ۋە ئۆزىمەيتۈنلۈق. شۇنىسى مەسخىرىلىككى، ئۇيغۇرلار ئېغىر دەرىجىدە خورلىنىۋاتقان ۋە شەرەپسىزلەشتۈرۈلۈۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا، بۇ شەخسلەردىكى شەرەپ مەستانىلىقى ئەخلاق جەھەتتىكى يىرگىنىشلىك قىلمىشلا ئەمەس، بەلكى پىسخىك جەھەتتىكى كېسەلمەنلىكتۇر. بۇ كېسەلمەنلىكنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «مەن»نىڭ ئۆزىگە بولغان مەپتۇنلۇقى خەلقتىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتە ھەر ۋاقىت ئاجايىپ بەھەيۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك. چاۋاكلار،

ماختاشلار، رەسمگە چۈشۈشلەر ۋە ئۆزى ھەققىدىكى مەدھىيەلەرگە مەست بولۇش دەل خەلقتىن كۆتۈلىدىغان ئەينەكىلىك رولىدۇر. خەلق ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زەئىپ «مەن»لىكىنى كۆپۈنكى ئەينەكتەك كۆپتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ۋاستىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. بۇ خەلق ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بېرىشى كېرەك ـــ ئۇلۇغۋاتىسىمۇ، قان قۇسۇۋاتىسىمۇ ۋە ھاقارەتلىنىۋاتىسىمۇ. بۇنداق ئۆز مەپتۇن «لىدېر»لارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىشى بۇ مىللەتنىڭ كۈنىمىزدىكى ئېچىنىشلىق بەختسىزلىكىدۇر...

مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ ئەھمىيىتى

ھەتتا ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى ھازىرچە ۋە ھەتتا مەڭگۈ ئالالمىسىمۇ، مۇشۇ بىرلا يول ئۇلارنىڭ غۇرۇرلۇق، ئەركىنلىككە ئەرزىيدىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىيەلەيدىغان بىر مىللەتلىكىنى دوستلىرىغا ۋە دۈشمەنگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە، تېخىمۇ ماھىيەتلىكى، ئۆزىگە بىلدۈرىدۇ.

نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇشىمىز ۋە بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى خۇددى ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىدەك ئاسرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز ئامانلار ئامان بولمىساق، ئامان قالمىغانلارنىڭ ئادالىتىنى سورىيالمايمىز. ئۇلارنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزدە ئىرادە، سۆيگۈ ۋە دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنى يېتىلدۈرىدىغان قەلبىمىز ساغلام تۇرمىسا بولمايدۇ. ئۇنى يارا قاپلىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىزنى قايتا باش كۆتۈرگۈزىدىغان بوشلۇقتۇر. نىھايەت، يارىلاندۇق، قىرىلدۇق، ئېغىر يوقىتىشقا دۇچار بولدۇق. ئەمما يېڭىلمەيمىز. يېڭىلمەسلىك ئۈچۈن، ئاخىرىغىچە چىدامچانلىق بىلەن ئېلىشىمىز. ھاياتلىق ئۈچۈن، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ۋە كەلگۈسىنى يۈتتۈرگەن ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ياشايمىز.

تېخىمۇ نادىر مەزمۇنلاردىن بەھرىلىنىش ئۈچۈن كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

نەقىل مەنبەلىرى:

1. ئـــادرىيـــان زېنىز: «Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang» ناملىق دوكلات.

2. ئەسلىدە، «خىتايلاشتۇرۇلۇشى» دېيىشمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما، دەرسلىك كىتابلار ئىلگىرىدىن تارتىپلا خىتايلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئازدۇر - كۆپتۇر «ئۇيغۇر» ئېلېمېنتلىرى ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئەمما، مەۋجۇت دەرسلىك كىتابلارنى «خىتايلاشتۇرۇلدى» دېيىش بۇ ئىشنىڭ ۋەھىمىسىنى بىلدۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلماقتا.

3. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 10 - بەت

4. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېرلارغا سولىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن

5. «ئۇيغۇرلار پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا» دېگەن كىتابنى دېمەكچى

6. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 24 ~ 23 - بەت

7. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 56 - بەت

8. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 70 - بەت

9. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 73 - بەت

10. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 79 - بەت

11. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 81 - بەت

12. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 91 ~ 90 - بەتلەر

13. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 102 - بەت

14. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 105 - بەت

15. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 107 - بەت

16. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 149 ~ 148 - بەتلەر

17. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 201 ~ 200 - بەتلەر

18. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 207 - بەت

19. «ئۇيغۇر قەتلىئامى» 240 ~ 239 - بەتلەر




# ئەلقائىدە خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى پىلانلىرىغا كاشىلا تۇغدۇرامدۇ؟

سابا ساتتار

# ئەلقائىدە خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى پىلانلىرىغا كاشىلا تۇغدۇرامدۇ؟

## سابا ساتتار

خىتاي ئىلگىرى ئامېرىكا «ئەلقائىدە» ئەزالىرى تەرىپىدىن «يىراقتىكى دۈشمەن» دەپ قارالغان جايغا، يەنى ئۇرۇشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئافغانىستانغا مەبلەغ سالماقچى بولسا، «ئەلقائىدە» بىلەن ئاتالمىش «خوراسان ئىسلام دۆلىتى»نىڭ (ISIS ـ K) ئاۋارىچىلىقلىرىغا يولۇقۇشى مۇمكىن.

بېيجىڭ ھازىرغىچە، تالىبانغا زۆرۈر يېمەكلىك ۋە تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 31 مىليون دوللار قىممىتىدىكى جىددىي ياردەم بەردى. تالىبان باياناتچىسى زەبىيۇللاھ مۇجاھىدمۇ ئۆزلىرىنىڭ «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»غا (CPEC) قاتنىشىشقا «تەلپۈنىدىغان»لىقىنى ئىزھار قىلدى. «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» خىتاينىڭ 62 مىليارد دوللارلىق بايراقدار تۈرى بولۇپ، مەزكۇر تۈر تىرىليون دوللارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ كۆپ قىسمىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«خىتاي چۈشى»نى ياكى «خىتاي مىللىتىنىڭ بۈيۈك قايتا گۈللىنىشى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىلىق ۋاستىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە 2013 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» 139 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدۇر. «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» ــــ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك تايانچ نۇقتىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغىچە كېڭەيتىپ، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، غەربنىڭ بىرىنچى ئارال زەنجىرى ئارقىلىق دېڭىز ـ ئوكيان سودىسىنى قامال قىلىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان.

«خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»غا چېتىلىدىغان ساھەلەر غوللۇق تۆمۈر يول، پورت ۋە باشقا ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، دۆلەت ئىچى ۋە چېگرا ھالقىغان نۇر كابېللارنى يېتىلاش ۋە خىتاي پۇلىنى ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قەدىمكى ئىنگلىزچە گېزىت ــــ «سۈبھى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ ئومۇمىي لايىھەسىدە يەنە نەچچە مىڭ گېكتارلىق دېھقانچىلىق يېتىزلىرىنىڭ «ئۈلگە قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن خىتاي شىركەتلىرىگە ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. مەزكۇر تۈرگە كۆرە، پېشاۋاردىن كاراچىغىچە بولغان شەھەرلەردە قانۇن ـ تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن، مۇكەممەل نازارەت قىلىش ۋە كۆزىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن پاكىستان مىقياسىدىكى نۇر كابېل تورى «خىتاي كۈلتۈرىنى

يېيىش» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى بولغان «خەيئېر» ئاساسلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، «خىتاي كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» ۋە «خۇاۋېي» پاكىستاننىڭ ئاساسلىق تېلېگراف مۇلازىمىتى شىركىتىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «خىتاي مېتاللورگىيە گۇرۇھى شىركىتى» كۆپ خىل كانچىلىق ۋە رۇدا قېزىش تۈرلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

خىتاينىڭ پاكىستاننىڭ ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى بۇ رەۋىشتە ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشى غەربنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا پاكىستاننىڭ خىتايدىن ماددىي ياردەم تەلەپ قىلىش ئىستىكىنىڭ ئەسەبىي دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتاي «‹خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى› ۋە خىتاي ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ـ غەربىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كارىدورىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئۈچۈن، «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نى ئافغانىستانغا كېڭەيتىش ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا. 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، پاكىستان ئافغانىستانلىق كارخانىچىلارنى راشاكاي (**Rashakai**) ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىغا مەبلەغ سېلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ۋاخان كارىدورىدا چېگرا سودىسى كىرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئافغانىستان «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» پروجېكتىغا قاتناشتى.

خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئاساسلىق مەنپەئەتى ۋاخاندىدۇر. ۋاخان ئافغانىستانغا جايلاشقان، 14 مىڭ ئاھالىسى بار، ئۇزۇنلۇقى 217 مىل، كەڭلىكى توققۇز مىل كېلىدىغان كارىدورسىمان بەلباغ بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاھجىر ئېغىزىغا تۇتىشىدۇ. ۋاخان خىتاي بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر قۇرۇقلۇق چېگراسى بولۇپ، ئۇ خىتاي ئۈچۈن تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرالانمايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە بارىدىغان يولنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ.

«خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى پاكىستاننىڭ بارلىق زېمىنى بىلەن دېگۈدەك تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىش ئاستىدىكى گىلگىت ـ بالتىستان ۋە ئازاد كەشمىر زېمىنىنى، شۇنداقلا پەنجابلىقلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھاكىمىيىتى سەۋەبلىك، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى تىنجىمايدىغان بالوچىستان ئۆلكىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خەيبەر پاختۇنخۋا ئۆلكىسىمۇ نۆۋەتتە ئاشقۇن پۇشتۇ مىللەتچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدى. (بۇ يەردە) تەخمىنەن 400 دىن 600 گىچە ئەلقائىدە جەڭچىسى تالىبانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتىدۇ، تالىباننىڭ يېقىنقى غەلىبىسى يەنە پاكىستان زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان قىرىق مىڭ قوراللىق ئىسلامىي جەڭچىگە مەدەت بېرىپ، داۋالغۇپ تۇرغان ئافغانىستان ـ پاكىستان چېگراسىدىكى چېگرا ھالقىغان قوراللىق ھەرىكەتلەرنى ئەدەتتۇۋېتىدۇ. ئەگەر خىتاي بۇ رايونغا كۆپلەپ مەبلەغ سالماقچى بولسا، مەزكۇر رايوندىكى يەرلىك جېدەللىكنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

كەلگۈسى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە، خىتاي تالىبان بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى پاكىستان ئارقىلىق كۈچەيتىشى مۇمكىن. يېقىندا، پاكىستان ئارمىيەلەرئارا ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن تالىباننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش پاكىستاننىڭ تالىبانغا بولغان تەسىرىنىڭ ھېلىھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ دالالىتىدۇر. پاكىستاننىڭ كابۇلدىكى ئەلچىسى مەنسۇر ئەھمەد خان ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دېدى: «(مۇقەررەر ھالدا خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان) رايون ئالاقىسى بىزنىڭ ئافغانىستان رەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇزاكىرىمىزدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرىدۇر، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ ئافغانىستان بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ چارىسىدۇر ... مەزكۇر مۇھىم تۈر، يەنى <خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى> ئافغانىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدا ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئېنېرگىيە باغلىنىشى ئورنىتىشنى ياخشى پۇرسەت ۋە يوشۇرۇن كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ ... (شۇنداقلا) جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدۇ».

بۇنىڭدىن سىرت، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلار پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراندىن قوغلاپ چىقىرىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىران بىلەن خىتاي يېقىندا «ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇنداقلا <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى> رامكىسى ئىچىدە، خىلمۇخىل ساھەلەردىكى ھەمكارلىق كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىكى غايەت زور ھالقىش سۈپىتىدە» 25 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

يېگىرمە يىل ئىلگىرى ئامېرىكا «تېررورلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش»نى باشلىغاندىن كېيىن، «ئەلقائىدە»نىڭ ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە ناچارلاشقانىدى. ھالبۇكى، «ئەلقائىدە»نىڭ ئافغانىستاندا قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەر ھالدا خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، «ئەلقائىدە» خىتاينى «يات»لا ئەمەس، ئىلاھسىزلىق تەرغىباتچىسى بولمىش كاپىرلار دەپ قارايدۇ. سوۋېت ـ ئافغانىستان ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى «ئەھلى كىتاب»تىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. ھالبۇكى، خىتايلار «ئەھلى كىتاب»قا ئوخشىمىغاچقا، ئۇلار بۇ رايوندىكى جىھادچىلارنىڭ يېڭى «يىراقتىكى دۈشمىنى»گە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://nationalinterest.org/blog/buzz/al - qaeda - could - throw - wrench - chinas - plans - afghanistan - 194986



# تورغا خۇمار بولۇش ۋە ئۇنى داۋالاش

ئېلزابېت خارتنىي

# تورغا خۇمار بولۇش ۋە ئۇنى داۋالاش

ئېلزابېت خارتنېي

تور خۇمارى (Internet addiction) قىلمىش خاراكتېرلىك خۇمار (behavioral addiction) بولۇپ، بۇ خىل خۇمارى بارلار تۇرمۇشتىكى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ نامۇۋاپىق ۋاستىسى سۈپىتىدە تور ياكى باشقا تور ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشكە كۆنۈپ قالىدۇ. نۆۋەتتە، تور خۇمارى دۇنيا مىقياسىدا ـــ بولۇپمۇ زور ساندىكى كىشىلەر شۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ـــ كەڭ دائىرىدە تونۇلۇۋاتىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا، كورېيە تور خۇمارىنى دۆلەتلىك ساغلاملىق مەسىلىسى دەپ ئېلان قىلدى. نۆۋەتتىكى تور خۇمارى تېمىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلماقتا. شۇنداقلا، بۇ تېما شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

تور خۇمارى توغرىسىدا بىلىشكە تېگىشلىك بەزى نۇقتىلار:

1. تور خۇمارى نوپۇزلۇق ئاپپاراتلار تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان روھىي توسالغۇ ئەمەس. گەرچە تەتقىقاتچىلار تور خۇمارىغا دىياگنوز قويۇش ئۆلچىمىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆلچەملەر «روھىي توسالغۇغا دىياگنوز قويۇش ۋە ستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»غا (5 ـ DSM) كىرگۈزۈلمىگەن. ھالبۇكى، تور ئويۇنى تەرتىپسىزلىكى يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشنىڭ شەرتلىرى قاتارىغا تىزىلغان بولۇپ، تور خۇمارى مەخسۇس ساھە بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

2. تور خۇمارىنىڭ كەم دېگەندە ئۈچ خىل تارماق تىپى بېكىتىلدى. بۇلار ۋىدېيولۇق ئويۇنغا خۇمار بولۇش، توردىكى جىنسىي مەزمۇنلارغا خۇمار بولۇش ۋە تور قىمارىغا خۇمار بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

3. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات يۈزلىنىشى بارغانسېرى (ئەقلىيفونلارغا ئوخشاش) كۆچمە ئۈسكۈنىلەرگە خۇمار بولۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تور بېكەتلىرىگە خۇمار بولۇش جەھەتلەرگە مەركەزلەشمەكتە. بۇ تارماق تىپلار ئارىسىدا تەكرارلىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، توردا قىمار ئويناش تور ئويۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تور ئويۇنلىرىدا بولسا شەھۋانىي ئېلېمېنتلار بولۇشى مۇمكىن.

4. تور خۇمارنى داۋالىغىلى بولىسمۇ، مەخسۇس تور خۇمارنى داۋالايدىغان ئاپپاراتلاردىن پەقەت بىر قانچىسىلا بار. ئەمما، (باشقا تۆردىكى) خۇمارنى داۋالاشنى بىلىدىغان پسىخولوگلار بۇ جەھەتتە ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئالامەتلىرى

تور خۇمارى (زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى دېگەنلەرگە ئوخشاش) رەسمىي خۇمار سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش قىيىنغا توختىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، قىلمىش خاراكتېرلىك خۇمار ساھەسىدىكى بىر قانچە داڭلىق مۇتەخەسسىس نۆۋەتتىكى تور خۇمارىنىڭ ئالامەتلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ئىمكان ياراتتى. تور خۇمارىنىڭ بارلىق تۈرلىرى تۆۋەندىكى تۆت ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تورنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىش

گەرچە بۇ ساھەدىكىلەر بىردەك ھالدا تورنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىش ئاچقۇچلۇق ئالامەت دەپ قارىغان بولىسمۇ، ئەمما ھېچكىم «كۈندە توردا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىش ئۇنى <ھەددىدىن زىيادە> ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ؟» دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. گەرچە بۇ ھەقتىكى يېتەكچى پىكىرلەردە 18 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ كۈندە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرماسلىقى تەۋسىيە قىلىنغان بولىسمۇ، ئەمما قۇرامىغا يەتكەنلەر توغرىسىدا رەسمىي تەۋسىيە يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت ياكى ئۆگىنىش ئۈچۈن كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن «ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك» ئۆلچىمى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەن بەزى ئاپتورلار «زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا» دېگەن شەرتنى قوشقان بولىسمۇ، ئەمما تورغا خۇمار بولۇپ قالغانلارغا نىسبەتەن، كومپيۇتېردا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى «زۆرۈر» بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندىكىسى تور خۇمارنى باھالاش قوراللىرىدىكى بىر قانچە سوئال بولۇپ، سىزنىڭ كۈندە زادى قانچىلىك تور ئىشلىتىشىڭىز «زىيادە كۆپ» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندىكى ئىشلار تۇرمۇشىڭىزدا قانچىلىك تەكرارلىنىدۇ؟

توردا ئۆزىڭىز كۆزلىگەندىكىدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىسىز

ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزنىڭ توردا بەك كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىۋەتكەنلىكىڭىز توغرىسىدا قاقشايدۇ.

تورغا چىققان ۋاقتىڭىزدا «يەنە بىر نەچچە مىنۇت كۆرۈۋېتەي» دەيسىز ياكى شۇنداق دەپ ئويلايسىز.

توردا سەرپ قىلدىغان ۋاقتىڭىزنى ئازايتىشقا تىرىشسىز ـ يۇ، مەغلۇپ بولسىز.

تورغا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلغىنىڭىزنى (ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەردىن ۋەھاكازا) يوشۇرىسىز.

ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەرقانداقىغا كۆندە بىرەر قېتىم دۇچ كەلسىڭىز، دېمەك سىز تورغا خۇمار بولۇپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

خۇمارنى تاشلىغاندىن كېيىنكى ئالامەتلەر (withdrawal symptoms)

گەرچە ئەسلىدە خۇمارنى تاشلىغاندىن كېيىنكى ئالامەتلەر ھاراق ياكى زەھەرلىك چېكىملىكىكە ئوخشاش جىسمانىي خۇمارلارنىڭ ئاساسى دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما تور خۇمارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىش خاراكتېرلىك خۇمارلاردىمۇ خۇمارنى تاشلىغاندىن كېيىنكى ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغانلىقى بايقالدى.

تور خۇمارنى تاشلىغاندىن كېيىنكى كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر تورغا چىقالمىغاندا ئاچچىقلىنىش، جىددىيلىشىش ۋە چۈشكۈنلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالامەتلەر كومپيۇتېر (ياكى يانفون) ئىشلىتەلمىگەندە زېرىكىش، مەنىسىزلىك، كەيپىيات تۇراقسىزلىقى، جىددىيلىشىش ۋە سەپرالىق قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن.

چىداشلىقلىق (Tolerance)

چىداشلىقلىق (Tolerance ــــ ئەسلىدە ھايۋانلارنىڭ ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زەھەرلىك ماددىلارنىڭ زىيىنىغا ئۆزۈن مۇددەت بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، بەدەننىڭ مەلۇم بىر خىل ماددىغا قارشى چىداشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئەسلىدە ھاراق خۇمارى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنىڭ يەنە بىر تىپىك ئالامىتى بولۇپ، ئۇنىمۇ تور خۇمارىغىمۇ تەدبىقلاشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنى ئابونتلار نۇقتىسىدىن كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ غىدىقلاشنى ئارزۇ قىلىش ۋە شۇنىڭغا موھتاج بولۇش، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنى سىز كومپيۇتېر ئالدىدا ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىڭ بارغانسىرى كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىڭىز ۋە نەتىجىدە ئۇ (يەنى كومپيۇتېر ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەردە تورغا چىقىش) سىزنىڭ بىردىنبىر مەشغۇلاتىڭىزغا ئايلىنىشى مۇمكىن. تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى توردا ئۆتكۈزۈش ئىستىكى سىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىڭىزنىڭ ۋە پىلانىڭىزنىڭ ئاساسي تېمىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

## سەلبىي تەسىرلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ تور خۇمارى ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كەتسە، تۆۋەندىكىدەك بەزى سەلبىي تەسىرلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ:

تور خۇمارىنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىدىن بىرى شۇكى، سىزنىڭ توردىن خالىي كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىڭىز بولماسلىقى، ياكى ئەسلىدە يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىشىڭىز كېرەك بولغان (ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن دوست ـ بۇرادەر قاتارلىق) كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل قاراپ قېلىشىڭىز ياكى (بۇ جەھەتتىكى بېپەرۋالىقىڭىز سەۋەبلىك) كۆڭۈلسىزلىك كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

توردىكى مۇناسىۋەتلەر تېز ۋە ئاسانلا تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەۋھۇم خاراكتېرى سەۋەبلىك كىشىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە غەپلەتتە قالدۇرالايدۇ. ھەتتا، بەزىدە ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بارىدۇكى، توردا باشقىلار بىلەن ناشايان مۇناسىۋەت ئورناتقان ئادەم «مەن جورامغا ئاسىيلىق قىلمىدىم» دەپ قارايدۇ.

تورغا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋاقىت ئاجراتقانلىقىڭىز سەۋەبلىك، خىزمەتتىكى دەرىجىڭىز ۋە باشقا مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، سىزدە كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن باشقا ھەر قانداق ئىشنى قىلغۇدەك ماغدۇر قالماسلىقى مۇمكىن. تورغا خۇمار بولۇپ قالغانلار ئادەتتە كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كېچىلەپ مەشغۇلات قىلىپ، ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبلىك ھالسىراپ كېتىدۇ.

ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ تور قىمارىغا، توردا مال سېتىۋېلىشقا خۇمار بولۇپ قالسىڭىز، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

## باللاردىكى تور خۇمارى

باللار ۋە ئۆسمۈرلەردىكى تورغا خۇمار بولۇش مەسىلىسى كىشىنى تېخىمۇ بەك تەشۋىشلەندۈرىدۇ. باللاردا كومپيۇتېردىن توغرا پايدىلىنىش بىلىملىرى ۋە ئېڭى كەمچىل، شۇنداقلا ئۇلار ئىنتېرنېتنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن زىيىنىنىمۇ بىلمەيدۇ. ھازىر كۆپىنچە باللار كومپيۇتېر ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ھەتتا باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ يانفون ئېلىپ يۈرۈشىمۇ ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى.

گەرچە بۇ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللارنى جىددىي ئەھۋالدا ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئاتا ـ ئانىلارنى خاتىرجەم قىلسىمۇ، ئەمما باللاردىكى بۇ خىل ھەر ۋاقىت تورغا چىقىش ئىمكانىيىتى ئۇلارنى تولىمۇ ئېغىر ۋە رېئال خەۋپلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

باللار ئۆزۈن مۇددەت تورغا باغلىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ.

كومپيۇتېرى ۋە تورغا چىقىش ئىمكانىيىتى بار باللارنىڭ ــ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سۈپىتىدىمۇ، جىنايەتچى سۈپىتىدىمۇ ــ تور زورلاۋاتلىقىغا قاتنىشىش خەۋپى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىنتېرنېتنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىدىغان باللارنىڭ يانفوننى توردىكى شەھۋانىي مەزمۇنلارنى كۆرۈشكە ۋە باشقا شەھۋانىي قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىشلىتىش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تور ئويۇنى ئوينايدىغان باللار دائىم ئۆزى بىلەن بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنى قوللاش ياكى ئويۇن ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئويۇن ئويناشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ رەۋىشتە، ئېنىق ۋاقىت چەكلىمىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى باللارنى ئاسانلا ۋىدىيولۇق ئويۇنلارغا خۇمار قىلىپ قويىدۇ. بۇ يەنە ساغلام ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا دەخلى يەتكۈزۈپ، باللارنىڭ يالغۇز قېلىشىغا ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ كۈندە ئېكران ئالدىدا ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىنىڭ ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئەگەر تورغا خۇمار بولۇپ قالغان بولسام، قانداق قىلىمەن؟

ئەگەر ئۆزىڭىزدە ياكى ھامىيلىقىڭىزدىكى (بالىڭىز ۋەھاكازا) بىرىدە تور خۇمارىنىڭ ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقىسىڭىز، دوختۇردىن ياردەم سوراڭ. دوختۇر سىزگە تور خۇمارىنى داۋالاش ئامبۇلاتورىيەسى، پسىخولوگ ۋە باشقا داۋالىغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇشتىن باشقا، سىزدە بار بولۇشى مۇمكىن بولغان چۈشكۈنلۈك ياكى ئىجتىمائىي تەشۋىش قاتارلىق يوشۇرۇن مەسىلىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن دورا يېزىپ ياكى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بېكىتىپ بېرىدۇ.

تور خۇمارى خىزمەت خۇمارى، تېلېۋىزور خۇمارى ۋە ئەقلىيفون خۇمارى قاتارلىق باشقا قىلمىش خاراكتېرلىك خۇمارلار بىلەنمۇ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.verywellmind.com/internet - addiction - 4157289



# خىتاينىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسى ھېكايىسى

جېيمس كارتېر

# خىتاينىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنىڭ ھېكايىسى

## تارىخشۇناس جېيمس كارتېر (ئامېرىكا)

خىتاي تارىخىدىكى بۇ ھەپتە: 1964 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر

خىتاي رەھبەرلىرى پۈتۈن دىققىتىنى پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، چېچىنىڭ ئۆرۈلۈپ بولۇشىنى ساقلاۋاتقان «چيۇ خانقىز»غا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانلار نورمال ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن نۇرغۇن ئېنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئىچىگە جايلاشقان «پەرداز ئۈستىلى» خۇددى مەزكۇر گىرىم قىلىش تەرتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەۋقۇلئاددە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئىدى. ئەگەر بۇ «ئۆرۈمە»دىن چاتاق چىقسا، خىتاي دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالدىدا ئېغىر سەتچىلىككە قالاتتى.

ھالبۇكى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خىتاي ۋاقتى سائەت ئۈچتە، «چيۇ خانقىز» كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چاقنىغان نۇر ئىچىدە پارتلىدى، ئارقىدىنلا گۈمبەمەدەكسىمان بۇلۇت شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي رايونىنىڭ ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى.

ئەلۋەتتە، «چيۇ خانقىز» بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولماستىن، خىتاينىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنىڭ كود ئىسمى ئىدى. ئۇ 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 102 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار («پەرداز ئۈستىلى»)نىڭ ئۈستىدە، «ئۆرۈمە» (پارتلىتىش ئەسۋابى) تەرىپىدىن پارتلىتىلدى.

يېقىندىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان ۋەھشىي جىنايەتلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە (شۇنىڭغا قارشى) ئىنكارلارنىڭ خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە كۆلەڭگە تاشلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ دىققەت ـ نەزىرى پات ـ پاتلا شەرقىي تۈركىستانغا مەركەزلىشىپ تۇردى. بۇ ھەپتە، بىز ئۆتمۈشتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان يەنە بىر پەيتىنى كۆزدىن كەچۈردۇق، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يادرو قورالىغا ئىگە بەشىنچى (شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان) دۆلەتكە ئايلانغانىدى.

ماۋ زېدۇڭ 1955 ـ يىلىلا خىتاينىڭ يادرو قورالىغا ئېرىشىش غەرىزىنى ئىزھار قىلغانىدى. بولۇپمۇ 1954 ~ 1955 ـ يىللىرى تەيۋەن بوغۇزى كرىزىسى مەزگىلىدىكى (ئامېرىكادىن كەلگەن) يادرو قوراللىرى تەھدىتى ماۋ زېدۇڭنى ئاتوم قورالى بولمىسا، خىتاي ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنىمۇ قوغدىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. نەتىجىدە، خىتاي بۇ جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئاساسلىق ئېنگلىزچە مەنبە جون ۋىلسون لېۋىس (John Wilson Lewis) ۋە شۆ لىتەي (Xue Litai) بىرلىشىپ يازغان، 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خىتاينىڭ

بومبا ياسىشى» (China Builds the Bomb) دېگەن كىتاب بولسىمۇ، ئەمما تايلور فراۋېلنىڭ (Taylor Fravel) 2019 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاكتىپ مۇداپىئە» (Active Defense) دېگەن كىتابى تېخىمۇ كۆپ ۋە يېڭى تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئىككى كىتاب بىرلىكتە، ئۆز كىملىكىنى تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر دۆلەتتىكى سىياسەت، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىستراتېگىيەنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى تەسۋىرلىگەن.

خىتاينىڭ يادرو پىلانى خىتاي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە باشلانغانىدى. 1957 ـ يىلى (10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئومۇمىيۈزلۈك كېلىشىمدە — ھېچ بولمىغاندا ماۋ زېدۇڭنىڭ چۈشەنچىسىدە — يادرو ئوق بېشى پروتوتىپى ھەمدە ئۇلارنى قانداق ياساش ھەققىدىكى تەپسىلىي پىلانلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىق توغرىسىدا ۋەدىلەر بېرىلدى. ئارقىدىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ پىلاننىڭ ئۆرانىنى قويۇلدۇرۇشتىن تارتىپ قورال لايىھەلەشكىچە بولغان بارلىق ھالقىلىرىدا خىتاي بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىششقا باشلىدى.

ئەمما خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكىگە) ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەمكارلىق ئۈزۈلۈپ قالدى. نىكىتا خرۇشېۋ (Nikita Khrushchev) ماۋ زېدۇڭدىن گۇمانلاندى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھىندىستان، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشتىكى قىلمىشلىرىنى ئىغۋاگەرچىلىك، تەلۋىلىك دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خرۇشېۋ دىققىتىنى دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەرگە (ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىغا) تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتۈردى ھەمدە غەربكە بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى يۇمشاتتى. 1959 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خرۇشېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ يادرو پىلانىغا قىلىۋاتقان ياردىمىنى رەسمىي بىكار قىلدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خىتاي ئۆزىنىڭ بومبىسىنى ياساپ چىقىشقا قايتىدىن بەل باغلاپ، بۇ تۈرگە «596» (1959 ـ يىلى 6 ـ ئاي) دەپ ئىسىم قويدى.

ئەمما، خرۇشېۋنىڭ قارارى خىتاي رەھبەرلىرىنى تەلتۆكۈس ئالاقزادە قىلىۋېتەلمىدى. چۈنكى، خىتاي (سوۋېت ـ خىتاي) ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىۋاتقان مەزگىللەردىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردىمىنى توختاتقان تەقدىردىمۇ، يادرو قوراللىرىنى ياساش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرالاش ئۈچۈن پاراللېل پىلاندىن بىرنى ئىجرا قىلىۋاتقانىدى. بۇ پىلان 1959 ـ يىلدىن كېيىن تېز تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شۇ يىلى كۈزدە، يەنى خرۇشېۋ خىتاي بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا توقۇنۇشىنى «ئەخمىقانە» ۋە «ئەپسۇسلىنارلىق» دەپ ئەيىبلەۋاتقان مەزگىلدە، لوپنور (يادرو سىناق مەيدانى پۈتتۈرۈلدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتاينىڭ يادرو قورالى پىلانلىغۇچىلىرى يەنىلا غايەت زور خىرىسقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىلىق مەسىلىلەرمۇ بار ئىدى. چۈنكى قىسمەن قۇراشتۇرۇلغان ياكى ئالدىراپ چۇۋۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقىنى قايتىدىن باھالاپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. خىتاي ئىنژېنېرلىرى بۇ جەريانغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىنى تېپىش ئۈچۈن، (ئۆزىنىڭ قولىدا بار بولغان) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆججەتلىرىنى پەۋقۇلئاددە ئىنچىكىلىك بىلەن قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. بولۇپمۇ، سوۋېت

ئىتتىپاقى ياردىمىنى توختاتقاندا، يادرو قوراللىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان لەنجوۋدىكى ئۇران قويۇلدۇرۇش زاۋۇتى تېخى تاماملانمىغانىدى.

ئەلۋەتتە، خىرسلارنىڭ ھەممىسلا تېخنىكىلىق ياكى سىرتتىن كەلگەن ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى توختىتىشى خىتاينىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئاچارچىلىق ۋە مالىمانچىلىققا دۇچار قىلغان ئاپەت خاراكتېرلىك «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىگە توغرا كەلگەنىدى. نەچچە ئون مىليون ئادەم ئاچ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا، يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارغا غايەت زور مەبلەغ سېلىش قارارى ھەم دۆلەتنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەلۋىلەرچە كىرىشىپ قالغانلىقىنىڭ، ھەم خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى رەھىمسىزلەرچە نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىنىڭ دالالىتى ئىدى.

توسالغۇلارنى نەزەرde تۇتقاندا، خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتىنىڭ سۈرئىتى كۆزەتكۈچىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئارخىپخانىسىدىكى ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى چاغدا خىتاي يادرو ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشقا ئازلا قالغاچقا، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تەيۋەندىكى تەھلىلچىلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىشكەنىدى. (ئەينى چاغدا ھېلىھەم ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى بەش دۆلەتنىڭ بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان) تەيۋەن ھۆكۈمىتى ئامېرىكانى ــــ بۈگۈنكى ئىران ۋە چاۋشيەننىڭ يادرو قورال تەرەققىياتىنى چەكلەش توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىبارىلەر ئارقىلىق ــــ خىتاينىڭ ئاتوم قوراللىرى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يادرو ئەسلىھەلىرىگە قارشى تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى. تەيۋەن رەھبەرلىرى 1964 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندىمۇ (خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسى سىنىقىغا ئالتە ئاي قالغاندا)، يەنىلا ئامېرىكانى ھاۋا ھۇجۇمى ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ يادرو پروگراممىسىنى بىتچىت قىلىشقا ئۈندىگەنىدى.

خىتاي ئاتوم بومبىسى سىنىقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر پارچە باياناتا ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا دۇنياغا شۇلارنى جاكارلىدى:

خىتاي 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 15:00 تە، بىر دانە ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق تۇنجى قېتىملىق يادرو سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى.

بۇ خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يادرو پوپوزىسى ۋە يادرو تەھدىتى سىياسىتىگە قارشى كۆرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىسىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە ئۆزىنىڭ شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە «يادرو سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش كېلىشىمى» ئىمزالىغاندا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىنى تەكرارلاپ، يادرو قوراللىرىغا ئىگە بارلىق ئاساسلىق دۆلەتلەرنى (بۇ ۋاقىتتا خىتاي ئۆزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى) ئۆزلىرىدە بار ئاتوم قوراللىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىشقا ۋەدە بېرىشكە ئۈندىدى.

ئاتوم بومبىسى سىنىقىدىن كېيىن ـــ ختاينىڭ شۈنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ۋە ھىدرو (ۋودورود) بومبىسى سىنىقىمۇ ئېلىپ باردى ـــ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بەس ـ بەستە يېڭى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى قايتىدىن مۆلچەرلەشكە كىرىشتى. گەرچە ماۋ زېدوڭ ئامېرىكانىڭ ئاتوم بومبىسىنى «قەغەز يولۋاس» دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا، ختاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسى ھەم ئامېرىكاغا، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەڭ قارىتىلدى. ھالبۇكى، ھەر ئىككى تەرەپكە قارىتا، ختاي «چۆچۈتۈپ قويۇش»تىن ئىبارەت ئاساسلىق تەھدىت نىشانىغا يەتكەندەك قىلاتتى.

فراۋېل كىتابىدا ختاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىنىڭ باشقا ھەربىي ئىستراتېگىيەدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، چۈنكى ختاينىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي ئىستراتېگىيەسى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسى 1964 ـ يىلىدىن بۇيان ئاساسەن ئۆزگىرىپ باقمىغاندى. «چۈنكى، ختاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتىش ھوقۇقى ئەزەلدىن ختاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە تاپشۇرۇلۇپ باقمىغان. ختاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسى ئاساسلىقى ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ يادرو قورالى تۇغدۇرىدىغان كۆز قارىشىغا باغلىقتۇر. بۇ رەھبەرلەر يادرو قوراللىرىنىڭ ئۆنۈمى پەقەت يادرو تەھدىتى ياكى ھۇجۇمىنى توسۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن، ختاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيىسى ئەنئەنىۋى ھەربىي ئىستراتېگىيەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلمەستىن، كاپالەتكە ئىگە ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىلا مەركەزلەشكەن» دەپ يازىدۇ فراۋېل.

ختاينىڭ يادرو پروگراممىسىنىڭ ئىككى خىل مىراسى بۈگۈن تاراتقۇلارنىڭ باش بەتلىرىدىن چەتتە قالغان بولغاچقا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بىرىنچىسى، تەيۋەننىڭ تەقدىرىنى چۆرىدىگەن «سۆز ئۇرۇشى» داۋاملىشىۋاتىدۇ ۋە بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقىي ئۇرۇشنىڭ كۆلەڭگىسى تۇغدۇرىدىغان مۇنازىرىلەرنى بارغانسېرى ئۇلغايتماقتا. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئامېرىكا بىلەن ختاينىڭ بىردەك يادرو ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى بۇ توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى (گەرچە بەزىلەر ھەر ئىككى تەرەپ يادرو تەھدىتى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى چۆچۈتۈش مەقسىتىگە يېتىپ، ئاشكارا ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى، دېيىشى مۇمكىن).

ئىككىنچىسى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم بومبىسى سىناق مەيدانى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشىدىغان تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇر دوختۇر ئەنۋەر توختى ۋە ياپونىيەلىك فىزىكا ئالىمى جۇن تاكادا (Jun Takada) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرىنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەسىرىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ياپونىيەنىڭ ساپپورو شەھىرىدە «لوپنور» تۈرىنى تەسىس قىلدى. تاكاتا «ئىلمىي ئامېرىكالىقلار» (Scientific American) ژۇرنىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 200 مىڭدەك كىشىنىڭ ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان سىناقلار نەتىجىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ يۇقىرى رادىئاتسىيە مىقدارىنىڭ چېرنوبىلدىكى رېئاكتىپ قازىنىدىكى ماددىلار ئېرىگەن چاغدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئەنۋەر توختى يادرو زەررىچىلىرىنىڭ بىر ھەپتە داۋاملاشقان «چاڭ ـ توزانى»نى تەسۋىرلەپ، شەرقىي

تۈركىستاندا راك كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 30 ~ 35 پىرسەنت يۇقىرى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىدى.

خىتاينىڭ (خەلقئارا تەرىپىدىن بايقالغان) ئەڭ ئاخىرقى يادرو سىنىقى 1996 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بىر قانچە ئاي كېيىنلا «يادرو سىنىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كېلىشىمى» ئىمزالانغان.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

/https://supchina.com/2021/10/13/the ـ story ـ of ـ chinas ـ first ـ atomic ـ bomb



# ئۆزلىكنى ئۆگىنىش توغرىسىدا 25 ھېكمەت

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

1. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىردىنبىر ھەقىقىي مائارىپ شەكلىدۇر. ــ ئىساك ئاسىموۋ

Self_education is, I firmly believe, the only kind of education there is.

Isaac Asimov

2. مەن ئۆگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كىتابتىن ئۆگەنگەن. ــ ئابراھام لىنكېن

All I have learned, I learned from books.

Abraham Lincoln

3. باشقىلار تەرپىدىنلا تەربىيەلىنىدىغان ئىنسان مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن ئىنساندۇر؛ سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەنمىسىڭىز، ھەقىقىي مەنىدە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ھېسابلانمايسىز. ــ ئېلمار ھۇسەين

A person who is only educated by others is an uneducated person; without self_education, you will not be able to get an education in the strict sense of the word.

Elmar Hussein

4. بىلىم ساھەسىدىكى بىسەرەمجانلىق شۇكى، باشقىلارنى تەربىيەلەش بىلەن ئالدىراش كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىگۈدەك ۋاقتى يوق. ــ ئوسكار ۋايلد

The nuisance of the intellectual sphere is the man who is so occupied in trying to educate others, that he has never had any time to educate himself

Oscar Wilde

5. ئەڭ كۈچلۈك كىشلەر مەڭگۈ (ئۆزلۈكىدىن) ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمايدىغان كىشلەردۇر. ـــ رېجويس دېنخېير

The most powerful people are the ones who never stop learning.

Rejoice Denhere

6. يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، قوشۇق بىلەن يېگۈزۈپ قويۇلغان تاماق (مەكتەپ مائارىپى) بىزگە پەقەت قوشۇقنىڭ شەكلىنىلا بىلدۈردۇ. ـــ فورستېر

Spoon feeding in the long run teaches us nothing but the shape of the spoon

E.M. Forster

7. چوڭ ئاپام مېنىڭ ياخشى تەربىيەلىنىشىمنى ئۈمىد قىلىغاچقا، مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغانىدى. ـــ مارگارېت مىد

My grandmother wanted me to have an education, so she kept me out of school

Margaret Mead

8. مەكتەپكە بېرىش بىلەن مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش ئارىسىدا غايەت زور پەرق بار. ـــ مىشېل باسېي جونسون

There is a striking difference between going to school, and getting an education.

Michael Bassey Johnson

9. ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۆز بۇرچىڭىزنى بىلىڭ، ئاندىن شۇ بۇرچىڭىزغا ئالاقىدار ساھەدە ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تەربىيەلەڭ. ـــ ساندېي ئادېلاۋا

Know who you are, know your mission and educate yourself in your mission field.

Sunday Adelaja

10. ھېچكىم سىزگە ۋاكالىتەن ئۆگىنىپ قويالمايدۇ. ـــ لەيلا گىفتى ئاكىتا

No one can do the learning for you.

Lailah Gifty Akita

11. مەكتەپ مائارىپى سىزگە بىلىم ئاتا قىلسا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش سىزگە ھېكمەت ئاتا قىلىدۇ. ـــ دېباسىش مرىدا

A formal education will give you knowledge; self_education will give you wisdom.

Debasish Mridha

12. ئوقۇتقۇچى زېھنىڭىزنى ئېچىپ، سىزگە ئۇچۇرلارنى يادلىتالىشى مۇمكىن، ئەمما ھەقىقىي مائارىپ يەنىلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتۇر. ـــ دېباسىش مرىدا

A teacher can kindle your mind and let you memorize information, but true education is often self_education.

Debasish Mridha

13. ئۇنىۋانلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ـــ ساندېي ئادېلاۋا

Degrees can’t replace self-education.

Sunday Adelaja

14. 21 - ئەسىردىكى ساۋاتسىزلار ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى (ئۆزلۈكىدىن) ئۆگىنىشنى بىلمەيدىغانلاردۇر. ـــ ئالۋىن توفلېر

The illiterate of the 21st century will not be those who cannot read and write, but those who cannot learn.

Alvin Toffler

15. ئەمەلىيەتتە، بارلىق مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتۇر. ئوقۇتقۇچىلار پەقەت يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېتەكچىلەردۇر. مەكتەپ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، سىزنى تەربىيەلىيەلمەيدۇ. سىزنىڭ (مەكتەپلەردىن) ئېرىشەلەيدىغىنىڭىز پەقەت باللارنىڭ رەسىملىك كىتابىدىكى شەكىل رامكىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىنىڭ يەنىلا ئۆزىڭىز بويىمىسىڭىز بولمايدۇ. ـــ لۇيىس لامور

Actually, all education is self-education. A teacher is only a guide, to point out the way, and no school, no matter how excellent, can give you education. What you receive is like the outlines in a child’s coloring book. You must fill in the colors yourself.

Louis L'Amour

16. مائارىپنىڭ نىشانى ياشلارنى ئۆمۈر بويى ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلىيەلىگۈدەك ھالغا ئەكېلىشتۇر. ـــ روبېرت خاتچىنس

The object of education is to prepare the young to educate themselves throughout their lives.

Robert M. Hutchins

17. ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپكە ئۇشبۇ تەكلىپنى يادىدا تۇتقاچ كىرگەي: مەكتەپ قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مائارىپ يەنىلا شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز قولىدا. بارلىق مائارىپ چوقۇم ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بولۇشى كېرەك. — روبېرت ھېنرى

Let every student enter the school with this advice. No matter how good the school is, his education is in his own hands. All education must be self education.

Robert Henri

18. ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆتۈشكە بۇيرۇغان نەرسىلەر (ئىلىم ھېكىى)نىڭ ئۈستىدە كۆۋرۈك بولۇپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن غۇلاپ چۈشۈپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز كۆۋرۈكىنى بەرپا قىلىشقا ئۈندەيدىغانلاردۇر. — نىكوس كازانتزاكىس

True teachers are those who use themselves as bridges over which they invite their students to cross; then, having facilitated their crossing, joyfully collapse, encouraging them to create their own.

Nikos Kazantzakis

19. كىشىنىڭ مائارىپ تەربىيەسى جەريانىدىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئۆگەتكەنلىرى (يەنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلىرى)دۇر. — ئېدۋارد گىببون

The best and most important part of every man's education is that which he gives himself.

Edward Gibbon

20. مەن ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئىشەنمەيمەن. بەلكى كۇتۇپخانىلارغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇلى يوق. مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغلىرىم چوڭ ئىقتىسادىي كاساتچىلىق مەزگىللىرى بولۇپ، بىزنىڭ پۇلىمىز يوق ئىدى. (شۇڭا) مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيالمىدىم ۋە ھەپتىدە ئۈچ كۈن كۇتۇپخانىغا باردىم، شۇنداقلا بۇ ئادەتنى ئۇدا ئون يىل داۋاملاشتۇردۇم. —— رېي برەدبەرىي

I don't believe in colleges and universities. I believe in libraries, because most students don't have any money. When I graduated from high school, it was during the Depression and we had no money. I couldn't go to college, so I went to the library three days a week for 10 years.

Ray Bradbury

21. سىزدىن بىرەر ئىشنى قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىڭىز سورالغاندا، ئۇلارغا «ئەلۋەتتە قىلالايمەن» دەڭ ـ دە، ئاندىن شۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇڭ. —— تېئودور روزۋېلت

When you are asked if you can do a job, tell 'em, 'Certainly I can!' Then get busy and find out how to do it.

Theodore Roosevelt

22. كۈنىمىزدىكى مائارىپلارنىڭ نۇرغۇنى ئىنتايىن ئۈنۈمسىزدۇر. بىز ئەسلى ياشلارغا ئۆز ئۆسۈملۈكلىرىنى قانداق ئۆستۈرۈشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك تۇرۇقلۇق، دائىم ئۇلارغا لوڭقىدىكى گۈللەرنى بېرىش بىلەن كۇپايىلەندۇق. —— جون گاردنېر

Much education today is monumentally ineffective. All too often we are giving young people cut flowers when we should be teaching them to grow their own plants.

John W. Gardner

23. مەن ھەرۋاقىت (باشقىلار تەرىپىدىن) ئۆگىتىلىشنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، ئەمما ھەمىشە (ئۆزلۈكىمدىن) ئۆگىنىشكە تەييارمەن. — ۋىنستون چېرچىل

I am always ready to learn, but I do not always like to be taught.

Winston Churchill

24. تەڭرىگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، مەن ئەزەلدىن مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىلمىگەندىم. بولمىغان بولسا، ئۇ (مەندىكى) ئىجادچانلىقنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىۋەتكەن بولاتتى. — بىترىكس پوتېر

Thank goodness I was never sent to school; it would have rubbed off some of the originality

Beatrix Potter

25. كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىنمۇ ئېغىر جىنايەتلەر بار. شۇلاردىن بىرى ئۇلارنى ئوقۇماسلىقتۇر. — جوسېف برودىسكى

There are worse crimes than burning books. One of them is not reading them.

Joseph Brodsky

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر




(2021-يىلى 9 – ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 10 – ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2021 ـ يىلى 30 ـ سىنتەبىردىن ، 30 ـ ئۆكتەبىرگىچە)

## دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خىتايغا قارشى نامايىش

بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى خىتاينىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقلىقىنىڭ 72 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئامېرىكا، تۈركىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىڭتوندا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش بىر قىسىم ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن بىر قېتىملىق ئۆزگىچە نامايىش بولدى.

## فرانسىيەلىك نامايىشچىلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نامايىش قىلدى

فرانسىيە 24 قانىلىنىڭ ئىككىنچى ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولىشچە، فرانسىيە پايتەختى پارىژدا يۈزلەرچە فرانسىيە خەلقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش جەھەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى رەئىسى ئۇرسۇلا وون دېغ لېيىن 15 ـ سىنتەبىر كۈنى خىتاي ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىپ چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنى ياۋروپا ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدە چەكلەش پىلانى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. نامايىشچىلار بۇ چەكلىمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى توغرىسىدا ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

## ئەردوغان ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالدى

قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 2 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغان تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە سۆز قىلىپ «قىرىملىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەقلىرىنى ئۇكرائىنانىڭ

زىمىن پۇتۇنلىكىدە ئاساسىدا ھىمايە قىلىمىز، شۇنىڭدەك، خىتاينىڭ زىمىن پۇتۇنلىكى ئاساسىدا ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتىن ئەڭ كەڭ مەنىدە بەھرىلىنەلىشىنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. قېرىنداشلىرىمىز... قۇدۇستىن كەشمىرگىچە، روھىنگا مۇسۇلمانلىرىدىن تارتىپ ئافرىقىدا بىخەتەرلىك ۋە يوقسۇللۇق مۇشەققىتى ئاستىدا ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقان كىشىلەرگىچە بولغان ھەر كىمگە كۆڭۈل ئىشىكىمىزنى ئاداققىچە ئوچۇق تۇتىمىز. قەيەردە بىر مەزلۇم بولسا، قەيەردە بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولسا ھەر قاچان ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. تۈرك دۆلىتى ۋە تۈرك مىللىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شۈكرىكى، ئۆتمۈشىمىزدە مۇستەملىكە قىلىش نومۇسى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ئەيىبى، ئادالەتسىزلىك قىلىش قارا دېغىمىز يوق...» دېدى.

## خىتاي ب د ت دا ئۆز جىنايىتىنى ئاقلاپ، ئۇيغۇرلارنى قارىلىدى

جەنۇبىي خىتاي پوچتا گېزىتىنىڭ 30-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جاڭ جۈن باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن، خىتاينىڭ رۇسىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرى ئىشتىراك قىلغان بىر يىغىنىدا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدىكى ئەيىپلەشلەرنى ئىنكار قىلىپ، بۇ ۋەھشىيانى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى «تېرورىزمغا قارشى قانۇنلۇق كۈرەش» دەپ پەردازلىغان.

خىتاينىڭ ئۆزىگە قارشى ئەيىپلەشلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ئۆز جىنايەتلىرىنى يۈزدە يۈز توغرا قىلمىش دەپ ئاتاشتا باشتىن ئاياق چىڭ تۇرۇشى سەرگەردانلىقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى كۈرەشتە بار كۈچى بىلەن ئاتلىنىشى كېرەكلىكىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ياۋروپادىكى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ياڭراتماقتا

ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاي جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغان ئونلىغان ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان يېقىنلىرى تۈرك خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تۇغقانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ياردەم ئىزدەش نىيىتىدە سېنتەبىر ئېيىنىڭ بېشىدا ئانادولۇ سەپىرىنى باشلىغان بولۇپ، مەدىنە، مىرزەخمەت، جەۋلان قاتارلىق ئونغا يېقىن پائالىيەتچى ئۇيغۇر بۇ سەپەرگە باشلىغان. مەزكۇر پائالىيەتچىلەر سەپەر جەريانىدا تۈركىيەنى ناھىيە-ناھىيە دېگۈدەك كېزىپ، كوچىلاردا، مەيدانلاردا ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى تۈرك خەلقىگە ئاڭلاتماقتا. تۈركىيەدىكى بەزى يەرلىك تېلېۋىزىيە قاناللىرى بۇ سەپەردىن خەۋەر بېرىش ئارقىلىق تۈرك خەلقىگە بۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرمەكتە. داۋاملىشىۋاتقىنىغا

بىر ئايدىن ئاشقان مەزكۇر پائالىيەت تۈركىيە خەلقىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە يوكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە.

21 ـ سېنتەبىر گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامستېردام دام مەيدانىدىن باشلىنىپ، 1 ـ ئۆكتەبىر بېلگىيە پايتەختى بىريۇكسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى ئالدىدا ئاخىرلاشتى. ئون بىر كىشى بىلەن باشلانغان، ياۋروپا خەلقىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنى ئەمەلىي رەۋىشتە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان بۇ يۈرۈشنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى ئۈچ يۈز كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي ئون كۈن داۋاملاشقان. پائالىيەتكە قاتناشقا يۇسۇپجان توختى ۋە ئالىمجان ئۆمەرنىڭ ئىنتېرنېتتىكى سۆھبەتلىرىدىن ئىگىلىنىشچە، بۇ يۈرۈش ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق پىيادە يۈرۈشى ئىكەن.

## ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بايدىن ھۆكۈمىتىگە چاقىرىق قىلدى

ئامېرىكا فوكس خەۋەرلەر تورىنىڭ 3 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن ئۈچ پارلامېنت ئەزاسى ئامېرىكادىكى كېلىمات مەسىلىسىگە مەسئۇل تۆت ئورگانغا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىق مۇمكىنچىلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مەكتۇپ يازدى. مەكتۇپتا يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ خوكوڭدىكى باستۇرۇشىغا، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا نىسبەتەن قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ يەنە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا كەلتۈرۈۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەھدىدىتىگىمۇ سەل قاراۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى خىتاي بىلەن ئامېرىكاغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغىلدى

فرانسىيە 24 خەۋەرلەر قانىلىنىڭ 5 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، ياۋروپانىڭ دۇنيادىكى ئورنى توغرىسىدا، ھەمدە خىتاي بىلەن ئامېرىكادىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئۆتكۈزگەن.

### ئامېرىكا ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشچىلىققا سالغان

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 7 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكانىڭ ئېلېكترونلۇق تىزگىنەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ھېسابلانغان كارخانىسىنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا مەلۇم قىلىشىچە، بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى چىن جوۇ شەھىرىدىكى زاۋۇتىغا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك ئۈچۈن يۆتكەش ھەققىدە خىتاي دائىرىلىرى بىلەن توختاملاشقان. «يۇ ئى ئاي ئىنىستىتۇتى» (UEI College) باياناتچىسىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر ئېلېكترونلۇق تىزگىنەك شىركىتى چىن جوۇدىكى زاۋۇتىدا 365 ئۇيغۇرنى ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە ئىكەن.

### خىتاي ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانى ئىرقچىلىق بىلەن ئەيىبلىدى

ئامېرىكا «فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 11 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن «دۇنيا ئىرقچىلىققا، ئىرقىي كەمسىتىشكە، چەتئەللىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىككە ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار يەكلەش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش يىغىنى»نىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆز قىلىپ، ئىرقچىلىقنى پۈتۈنلەي يوقىتالماسلىق جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئامېرىكاغا ئارتىپ، «ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە دۆلەتنىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋېلىشى ۋە ناچار ئىپادىسى سەۋەبلىك، خەلقئارا جەمئىيەت ئىرقچىلىقنى، ئىرقىي كەمسىتىشنى، چەتئەللىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكنى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار يەكلەش قىلمىشلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن يەنىلا نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولماقتا» دېگەن.

ئۇ يەنە «ئىرقچىلىق ھەمدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىنى (قارا تەنلىكلەردىن) ئۈستۈن كۆرۈشى» ھادىسىلىرىنىڭ ئامېرىكادا ھېلىھەم ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### «ئالما» شىركىتى ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ئەپ ئامبىرىدىن قۇرئان كەرىم يۇمشاق دېتالىنى ئۆچۈرۈۋەتتى

BBC تورىنىڭ 16 ـ ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، «ئالما» شىركىتى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ئەپ ئامبىرىدىن (AppStore) دۇنيا مىقياسىدىكى ئەڭ داڭلىق قۇرئان كەرىم يۇمشاق دېتاللىرىدىن بىرى بولغان «Quran Majeed»نى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولۇپ، BBC تورىنىڭ ئىگىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى مەزكۇر يۇمشاق دېتالدا «قانۇنسىز دىنىي مەزمۇن»لار بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مەزكۇر يۇمشاق دېتالنى ياسىغان «PDMS» شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ خىتايدا بىر مىليونغا يېقىن ئىشلەتكۈچىسى بار ئىكەنىدۇق.

ئالما شىركىتى بۇ ھەقتە بىۋاستە پىكىر بايان قىلىشنى رەت قىلىپ «بىز (ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ) يەرلىك قانۇنلىرىغا بويسۇنمىساق بولمايدۇ. گاھىدا ھۆكۈمەتلەر بىلەن پىكىرىمىز بىردەك چىقماي قالىدىغان مۇرەككەپ ئىشلار كۆرۈلۈپ قالىدۇ» دېگەن.

## كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ماركو رۇبىيو پرېزدېنت جوۋ بايدېننى كىلىمات ئەلچىسى جون كېرىينى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا چاقىردى

«فوكس خەۋەرلىرى» تورى 15 ـ ئۆكتەبىر ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئەزاسى ماركو رۇبىيونىڭ (Marco Rubio) ماقالىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىگە كۆرە، «ۋاشىڭتون ھۆرلۈك مايىكى» (The Washington Free Beacon) تورى 14 ـ ئۆكتەبىر ئامېرىكا كىلىمات ئەلچىسى جون كېرىي ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا دەپسەندىچىلىك قىلىش قىلمىشلىرىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ <مەجبۇرىي ئەمگەك>كە سېلىنىشىغا ئىشتىراك قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن «گاۋلىڭ گۇرۇھى»غا (高瓴集团) بىر مىليون دوللار مەبلەغ سالغانلىقىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، ماركو رۇبىيو پرېزدېنت جوۋ بايدېنىدىنى جون كېرىينى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا چاقىرغان.

ماركو رۇبىيو مەزكۇر ماقالىدە يەنە، جوۋ بايدېننىڭ «يا مەجبۇرىي ئەمگەكتىن نەپ ئېلىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، يا ئۇنى ئىشتىن بوشىتىش»تىن ئىبارەت ئىككى خىللا تاللىشى بارلىقىنى، شۇنداقلا جون كېرىينىڭ ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق مەجبۇرىي ئەمگەكتىن نەپ ئېلىۋاتقان بولغاچقا، خىتاي دائىرىلىرى بىلەن كىلىمات مەسىلىسىدە سۆھبەتلىشىشكە سالاھىيىتى يوقلۇقىنى، ھەتتا كېرىينىڭ جوۋ بايدېننى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىشقا ئۈندىگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

## خىتاي «ئورگان تىجارىتى»نى داۋاملاشتۇرماقتا

ئەنگلىيەدىكى «كۇندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ تور بېتى 16 ـ ئۆكتەبىر مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيلىققا زىت، ۋەھشىي ئورگان تىجارىتىنى ئىزچىل قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھەتتا داۋاملىق ئەۋجىگە چىقىرىۋاتقانلىقىنى پاش قىلغان.

مەزكۇر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىكى توققۇز ئالاھىدە دوكلاتچى خىتايدىكى دەھشەتلىك «زاكاسقا كۆرە ئادەم ئۆلتۈرۈش» بازىرىنىڭ ئەپتى - بەشرىسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى توپلاپ، خىتاينىڭ گۇمانلىق دەرىجىدە يۇقىرى بولغان ئورگان ئىئانە قىلىش نىسبىتىنى تەكشۈرگەن.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى «زاكاسقا كۆرە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان» ئورگان تىجارىتى تورى ئارقىلىق ھەر يىلى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان **100** مىڭ ئۆكتىچى ۋە سىياسىي مەھبۇسنىڭ يۈرەك، بۆرەك، جىگەر ۋە مۈڭگۈز پەردىسىنى ئېلىۋالىدىكەن.

كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىلار ئېلان قىلغان باياناتتا بىلدۈرۈلىشىچە، بۇ خىل ئەتكەسچىلىك بىمارلارنى قوغداشقا قەسەم قىلغان كەسپىي تىببىي خادىملارنىڭ، جۈملىدىن «تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، ناركوز دوختۇرى ۋە باشقا تىببىي مۇتەخەسسىسلەر» ۋە ھەر خىل ئاممىۋى تارماقلاردىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن.

مەزكۇر باياناتتا يەنە كۆرسىتىلىشىچە، «ساقچىلار ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئۇنىمىغان بەزى مەھبۇسلارغا ئۆلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ياكى ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغان».

### شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچكەن جاللاتلاردىن بىرى بولغان ۋاڭ جۈنجېڭ تىبەت پارتكومىغا سېكرېتار قىلىپ تەيىنلەنگەن

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 19 - ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى 18 - ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جۈنجېڭنى تىبەت پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ۋاڭ جۈنجېڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، «بىڭتۇەن» پارتكومىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن بولۇپ، مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى ۋاڭ جۈنجېڭنى شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقتا زور جاۋابكارلىقى بار دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت نەپەر خىتاي ئەمەلدارىغا جازا ئېلان قىلغانىدى. بەزى تەھلىلچىلەر بۇ خىتاينىڭ تىبەتتىكى زۇلمىنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنىڭ سىگنالى، دەپ مۆلچەرلەشمەكتە.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى «زۇلۇمنىڭ قورۇلمىسى» ئۇيغۇرلارنى نىشانلىغان

ئەلجەزىرە تورىنىڭ 20 - ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى» (ASPI) ناملىق ئاقىللار ئامبىرى ئېلان قىلغان «زۇلۇمنىڭ قورۇلمىسى» ماۋزۇلۇق دوكلاتتا شەرقىي

تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنىڭ بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى غايەت زور ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئورتاق خىزمىتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىققان ھادىسە ئىكەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مەزكۇر دوكلاتتىكى بىر ئالاھىدە تېما شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنئالا پىلانلانغان بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك سىياسىي ھەرىكەت ئىكەنلىكى بولۇپ، مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئۈچ نەپەر تەتقىقاتچىسى ئۆزلىرى توپلىغان يازما ھۆججەتلەر ئاساسىدا بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»دىن كېيىن رەسمىي لايىھەلىنىشكە باشلانغانلىقىنى، ئەنە شۇ ۋەقەدىن كېيىن «ئۈچ خىل كۈچلەر»نىڭ ھۇجۇم نىشانى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى، 2014 ـ يىلى شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستانغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەندە ئېنىق قىلىپ «تېرورچى كۈچلەرنى كوچىدا ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاننىڭ ھالىغا چۈشۈرۈش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەنلىكىنى؛ 2016 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بولسا، چېن چۈەنگونىڭ تىبەتتىن يۆتكەپ كېلىنىپ بۇ زور قىرغىنچىلىقنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغانلىقىنى، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مىليونلارچە كىشىنىڭ «تېرورلۇق»، «ئەسەبىيلىك» قاتارلىق باھانىلەر بىلەن «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى تۈرمىسىمان لاگېرلارغا قامالغانلىقىنى، مەزكۇر لاگېرلاردا دۇنياغا مەلۇم بولۇۋاتقان تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەر ۋە ئۆلۈم ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلەپ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 دۆلەت بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى ئۇيغۇرلارنىڭ تېگىشلىك ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى

«كۈندىلىك ساباھ» تورىنىڭ 22 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، پەيشەنبە كۈنى (21 ـ ئۆكتەبىر) ب د ت دىكى تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 دۆلەت خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قارىتا، «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش پرىنسىپىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش»قا چاقىرغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا فرانسىيە تەرىپىدىن ئوقۇلغان مەزكۇر بىرلەشمە باياناتتا «بىز خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شىنجاڭغا دەرھال، ھەقىقىي رەۋىشتە ۋە چەكلىمىسىز كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز» دېيىلگەن.

بۇ باياناتقا ئىلگىرى مۇشۇ خىل باياناتلارغا ئىمزا قويماي كەلگەن تۈركىيەنىڭمۇ ئىمزا قويۇشى بىر چوڭ يېڭىلىق بولغان.

**NBA دىكى داڭلىق ۋاسكېتبولچى ئەنەس كانتېر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇم سەۋەبلىك خىتاينى ئەيىبلىدى ھەمدە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى رەھبەرلەر ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنى سۈكۈتنى بۇزۇشقا چاقىردى**

ئەنگلىيەدىكى «قوغدىغۇچى گېزىتى»نىڭ 22 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، NBA دىكى داڭلىق ۋاسكېتبولچى ئەنەس كانتېر خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان تەنقىدىنى ئېغىزدىن كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر دۇچ كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ سەمىگە سېلىش مەقسىتىدە بىر ۋىدىيو تارقاتقان. ئەنەس ئۆز ۋىدىيوسىدا ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى، شۇنداقلا لىۋېرپول پۇتبول كوماندىسىنىڭ ماھىرى مۇھەممەد سالاھ ۋە سابىق بوكس چېمپىيونى ئامىر ئىقبال خان قاتارلىق داڭلىق مۇسۇلمان تەنھەرىكەتچىلەرنىمۇ قوشۇپ تەنقىدلەپ، ئۇلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشىنى جىنايەتكە شېرىك بولغانلىق دەپ ئەيىبلىگەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## يوڭ كىم

2021-يىلى ئۇيغۇر سىياسىتى قانونىنىڭ باشلامچى تەشەببۇسچىسى،
ئامېرىكا قۇرۇلتاي ئەزاسى ھۆرمەتلىك يوڭ كىم خانىم

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ھەقىقى ئەركىنلىك ئىنسان زېھنىيىتىنىڭ ئەركىنلىكىدۇر.